# پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى

(1)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
پىچان ناھىيىلىك كومىتېتى تۈزدى

# پىچان تارىخىي ماتېرىياللىرى

پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي
ماتېرىياللىرى كومىتېتى

نەشىرگە تەييارلىغۇچى ۋە تەھرىرى مۇتەللىپ ھاموت

مەسئۇل تەھرىرى: ئەھمەد سەيپۇللا

پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى باستۇردى.

1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى



چۈنجەدە ئۈزۈم قۇرۇتۇش



پەچاننىڭ كۆزلۈك قاراقاش مەجگەن قوغۇنى



لەمجىن ئاستانىدىكى تامغىلىق تاش



پىچان بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان قۇم-
تاغ سەيلىگاھى



پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى

# كىرىش سۆز

تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

تارىخىي ماتېرىياللار ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ھەم ئەجدادلارنىڭ تارىختا ياراتقان بۈيۈك ۋە ئۆلمەس ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئېچىپ ئۇلارنى بەختكە ئىنتىلىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى بەختلىك بولۇش ھوقۇقى ئىنسان ھوقۇقىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمى. تارىختىكى مەيلى سىنىپىي كۆرەش، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈشى ۋە ئىلمىي تەجرىبە بولسۇن ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بولغان كۆرەشنىڭ تارىخىدۇر. ئادەم دۇنيادا باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ياشايدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللار ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى ساھەلەردىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپىنى قۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇشۇ نۇقتىدا ئىلگىرى سۈرۈلىشى لازىم. چۈنكى ئىنساننىڭ تۇغقان ئانىسى ۋەتىنى بىرلا ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئىناقلىقى ۋە دوستلۇقىدۇر. ھەر قانداق مىللەت باشـ

قىلاردىن ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئۆگىنىش كېرەك.

ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى ھازىرغىچە ئاق پېتىچە ئىدى. بۇ تۇنجى كىتابىمىز بۇ بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى.

كىتابىمىزغا 8 پارچە چوڭ ماقالە كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلاردا ئاساسەن ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ماتارىپى، ناھىيىمىزدە بولغان دېھقانلار ئىنقىلابى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ پىچاندىكى ئۇرۇشلىرى ۋە مۇشۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ جاشقا يەرلەرگىچە بېرىپ ئەينەن ئەھۋالنى كۆرگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ پائالىيەت - كەچۈرمىشلىرى مەزمۇن قىلىندى.

پىچان تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئىشلەشتە مەخسۇس تەھرىر ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، تەھرىرلىكتىن ئۆتكەن ماقالىلار ئاپتورلار بىلەن قايتا يۈزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقى ئېلىندى، ۋەقەگە قاتناشقۇچىلارغىمۇ ئوقۇپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ھەرقايسى تەرەپلەردىن پىكىرلەر ئېلىندى. ماقالىنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىندى.

بىزنىڭ نەشرىياتچىلىق تەجرىبىمىز كەمچىل، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن كىتابىمىزدا خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ، مۇتەخەسسىس - ئالىملارنىڭ، تارىختىن، رىئاللىقتىن خەۋىرى بار بىلىملىك زاتلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى.

1990 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## مۇندەرىجە


1. بېغىشلىما ....................................

2. كىرىش سۆز ....................................

3. پەيچان ناھىيىسى ........................ قېيىم نىياز 1
مۇھەممەت ئىسمىن، مۇتەللىپ ھامۇت ..........

1 ) ئورنى ۋە كۆلىمى .................................... 1
2 ) تارىخي تەرەققىيات جەريانى .......................... 2
3 ) رايونلارغا ئايرىلىشى .................................. 3
4 ) نوپۇس ۋە مىللەتلىرى ................................. 3
5 ) تەبىئى شارائىتى ........................................ 3
6 ) سۇ بايلىقى ................................................ 4
7 ) ئىقلىمى .................................................. 5
8 ) قېزىلما بايلىقلىرى ..................................... 5
9 ) دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى .............................. 6
10 ) باغۋەنچىلىكى ........................................... 6
11 ) ياۋايى ھايۋاناتلىرى ................................... 6
12 ) سانائىتى ................................................. 6
13 ) مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ............................. 7
14 ) قۇم ئارشىگى ........................................... 7

4. پەيچان ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپ ھەققىدە
........................ ئەخمەت ھۆسەين 10

1 ) جاھاننامە مەدرىس توغرىسىدا ........................ 12
2 ) لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسى توغرىسىدا .................. 14
3 ) شۆتاڭ مەكتىپى «تاھىرىيە مەكتىپى» .................. 23

5. 1934 - يىلدىن 1949 يىلغىچە بولغان پىچان مائارىپى........................ 31

1) ئۇيغۇر ئوقۇشلىرى ۋە يېڭى مەكتەپلەر.... 31

2) ........................

3) تاغ ئۈستىدىكى مەكتەپلەر...................... 56

4) تاغ ئاستىدىكى مەكتەپلەر ...................... 62

6. پىچان ناھىيە لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپى ھەققىدە ئەسلىمە.............................. ھ. ھەۋىپ 67

1) لەمجىن يېزىسىدا «شوتساك»نىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەسىراتى... 67

2) لەمجىن يېزىسىدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى............... 72

3) «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپى.............. ............ 75

4) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى لەمجىن ئوقۇتقۇچىلىرى............................ 87

5) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى داۋالغۇش تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار... 89

7. 1947 - يىلىدىكى پىچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخى.............................. ياقۇپ يۈسۈپ 92

1) ياشلار ئىنقىلابىنىڭ تەشكىللىنىشى ........... 94

2) تەشكىلاتنىڭ مەقسىدى ........................... 96

3) سىياسىي ئىنقىلابنىڭ قوراللىق ئىنقىلابقا يۈزلىنىشى ................................ 100

4) قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى............ 104

توت ؛ ) سوقۇمغا ھۇجۇم .................... 106
6 ) چىقتىمدىكى ئۇرۇش .................... 111
7 ) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياشلار ئىنى-
قىلابىنى باستۇرۇشى .................... 114
8. پەچان ھەم باشقا يەرلەردىكى ئۇرۇش ۋە سىتنىياز
لىنجاڭ .................... تېيىپ پۇلات 124
1 ) پەچان ۋە تۇرپاندىكى ئۇرۇش .................... 125
2 ) ئىككىنچى قېتىملىق پەچاندىكى ئۇرۇش ...... 134
3 ) سېتنىياز لەنجاڭ ۋە توقسۇندىكى ئۇرۇش ... 140
4 ) سېتنىياز لەنجاڭنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە
كۆرگەن جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان
ۋاقەلەر .................... 142

# پىچان ناھىيىسى

## 1 - ئورنى ۋە كۆلىمى:

پىچان ناھىيىسى تەڭرى تاغ تىزمىسىدىكى بەشھۇر تاغ ئارىسى ئويمانلىقلىرىدىن بىرى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ بۆلۈگىدىن ئورۇن ئالغان. جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا شەرقىي مېردىيان $89^{0}30'$ بىلەن $94^{0}54'$ ئارلىقىغا ۋە شىمالىي پاراللېل $41^{0}12'$ بىلەن $43^{0}33'$ ئارلىقىغا جايلاشقان. ناھىيىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە ئارلىقى 190 كىلومېتر، شىمالىدىن جەنۇبىغا ئۇزۇنلۇقى 253 كىلومېتر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39800 كۋادرات كىلومېتر. شەرقىتە قۇمۇل بىلەن، غەربىتە تۇرپان، شىمالدا تەڭرى تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى بوغدا تىزمىسى ئارقىلىق مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىلىرى بىلەن، جەنۇبتا تارىم ئويمانلىقىدىكى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئورنى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنى ۋە تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئۆز ئارا تۇتاشقان 4 كوچا ئاغزىغا جايلاشقان.

## 2 - تارىخىي تەرەققىيات جەريانى:

پىچان ناھىيىسى خەن سۇلالىسى (شەرقىي ۋە غەربىي خەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 - يىلدىن مىلادى 220 - يىلغىچە) دەۋرىدە ئالدىنقى قانقىل دۆلىتى زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى ئىدى. شىمالىي ۋە پادىشاھلىقى (مىلادى 221 - يىلى) دىن

### 3 - رايونلارغا ئايرىلىشى:

پىچان ناھىيىسىگە 1985 يىلى ئۈچ بازار (پىچان، لۈكچۈن، پىچان ئىستانسىسى) يەتتە يېزا (پىچان، چىقتىم، لەمجىن، تۇيۇق، دالانكارىز، دىغار، دۆڭبازار خۇيزۇ مىللى يېزىسى) ۋە بىر ئۈزۈمچىلىك تەرەققىيات شىركىتى (قوش تۈگمەن باغۋەنچىلىك مەيدانى) قارايدىغان بولدى.

### 4 - نوپۇس ۋە مىللەتلىرى:

پىچان ناھىيىسىنىڭ 1985 يىلىدىكى نوپۇسى 144 مىڭ 22،956 مىللەت بار. ئۇلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار 107 مىڭ 503 نەپەر بولۇپ، ئومۇمى نوپۇسنىڭ 74.2% نى، خەنزۇلار 29 مىڭ 491 بولۇپ، 23.3% نى، خۇيزۇلار 7744 بولۇپ، 5.3% نى قازاق، مۇڭغۇل، ئۆزبېك، رۇس، دۇڭشياڭ، مانجۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر 218 بولۇپ، 0.2% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 3.64 تىن ئادەم توغرا كېلىدۇ.

### 5 - تەبىئىي شارائىتى:

يېرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شەرق، جەنۇپ، شىمال تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان. غەربىي قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، پەس ھەم تۈز. بۇ پەس تۈزلەڭلىكنىڭ ئەڭ پەس يېرى دېڭىز يۈزىدىن 400 مېتىر ئېگىز. شىمالىدىكى تاغلىق رايون دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز.

كېيىن ئىدىقۇتقا قاراشلىق شەھەر بولغان، تاڭ سۇلالىسى
(618 - 907) دەۋرىدە ئاستانە ئايمىقىنىڭ ليوجوڭ (لۈكچۈن)
پوچاڭ (پىچان) ناھىيىلىرىگە تەۋە بولغان. سۇڭ سۇلالى-
سى (960) دەۋرىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قارىغان. يۈەن سۇ-
لالىسى (206 - 1368) دەۋرىدە لۈكچۈن دەپ ئاتالغان
ۋە مەمۇرى ئەمەلدار يۈز بېشى دارۇغاچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بول-
غان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا خەنزۇچە نامى لىيۇچىڭ
دەپ ئۆزگەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى (1368 - 1645) نىڭ
جىڭتۇڭ يىللىرى تۇرپانغا قوشۇۋېتىلىپ، تۇرپاننىڭ بىر قىس-
مى بولۇپ قالغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى
(1759 - يىلى) پىچان خان ئامبىلى قويۇلغاندىن كېيىن
ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپاننىڭ مەمۇرى مەركىزى بولغان. چيە-
يەنلۇڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى)دىن كېيىن مەمۇرى
مەركەز پىچاندىن تۇرپانغا كۆچۈرۈلگەن. چيەنلۇڭ 36 - يى-
لى (1771 - يىلى) پىچان تەپتىش بېگى قويۇلغان. گۇاڭ-
شۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى) رەسمى ناھىيە قۇرۇلۇپ،
پىچاننىڭ خەنزۇچە نامى شەنشەنگە ئۆزگەرتىلگەن. مىنگو
دەۋرىدە دەسلەپ قارا شەھەر ۋىلايىتىگە، كېيىن دىخۇا (ئۈ-
رۈمچى) ۋىلايىتىگە قارىغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋا-
لى مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاس-
تە قارىغان. بىر مەزگىل قۇمۇل ۋالى مەھكىمىسىنىڭ رەھبەر-
لىكىدە بولۇپ كەلگەن، 1975 - يىلدىن باشلاپ يېڭى قۇرۇل-
غان تۇرپان مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ كې-
لىۋاتىدۇ.

كۆپ مېتىر. ھەقىقىي ئېقىش كۆلىمى 235 كۇۋادرات كىلو-مېتىر كېلىدۇ. يۇقارقى ئۈچ ئۆستەڭنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسىدىن ئالغاندا پىچان مورى، كۆچۈڭ ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسى بويىدا تاغلىرىنىڭ سۇ بۆلگۈچ قىرانىدۇر، ئەڭ ئېگىز چوققا سۇ بۆلگۈچ قىرانىنىڭ تەخمىنەن 6 - 15 كىلومېتىر جەنۇبىدا بولۇپ، قىران بىلەن ئەڭ ئېگىز چوققىنىڭ ئارىسى پىچان ناھىيىسىنىڭ تاغ رايونىدىكى ئاساسىي مول يېغىن رايو-نىدۇر. يىللىق ھۆل يېغىن مىقدارى 12.6 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2727 مىللىمېتىر، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3112 سائەت. قىروسىز مەزگىلى 187 كۈن بولىدۇ.

بۇلاق 5059، ماشىنلاشقان قۇدۇق 866 بولۇپ، ئېقىش مىقدارى $13m^3$/sik يىللىق پايدىلىنىش ئۈنۈمى 142 مىليون 290 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

7 - ئىقلىمى:

پىچان ناھىيىسىنىڭ ئىقلىمى چوڭقۇر قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. تۆت پەسىل ئېنىق، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، بوران چىقىپ ئاسماننى چاڭ-توزاڭ قاپلاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ھاۋاسى قۇرغاق، ئىسسىقلىق يېتەرلىك. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.8°C ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 21.3°C.

8 - قېزىلما بايلىقلىرى:

پىچان ناھىيىسى مول تەبىئىي بايلىققا ئىگە بولۇپ، يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن زور، پىچان تېخى ئېچىلمىغان بىر سېرلىق ماكان. پىچاندا: كۆمۈر،

ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە تاغلىق رايون 7·8% نى، تۈزلەڭلىك 8·1% نى، چۆل - باياۋان 74% نى، قۇملۇقلار 10·1% نى ئىگىلەيدۇ.

### 6 - سۇ بايلىقى:

يەنچەن ناھىيىسى خېلى سۇيى مول ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ھازىر ناھىيىدە بار بولغان كارىزلارنىڭ ئومۇمىي سانى 292 بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 177 مىليون 240 مىڭ كۇب مېتىر، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مىقدارى 140 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەڭرى تاغ سۇ سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئۈچ ئېقىن، قىزىل تاغ سۇ سىستېمىسىغا كىرىدىغان ئۈچ ئېقىن بولۇپ، ئۆرتەڭ، كوكيار، كەرچە قاتارلىق 3 چوڭ يەر ئۈستى ئېقىنىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۆرتەڭ ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 43،39 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ مەيدانى بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئىچىدىكى رايوننىڭ مەيدانى 501 كۋادراتنى كىلومېتىر. ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 2,39 m³/sik يىللىق سۇ مىقدارى 75 مىليون، 400 مىڭ كۇب مېتىر. كۆكيار ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 39·079 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ مەيدانى بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئىچىدىكى رايوننىڭ كۆلىمى 707 كۋادرات كىلومېتىر. ئېقىش مىقدارى 2,99 m³/sik يىللىق سۇ مىقدارى 94 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، ئۈنۈملۈك ئېقىش كۆلىمى 565 كىلومېتىر، كەرچى ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، ھاۋزىسىنىڭ مەيدانى بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى ئىچىدىكى رايوننىڭ كۆلىمى 599 كۋادراتنى كىلومېتىر. ئېقىش مىقدارى 7,75 m³/sik يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 23 مىليون 600 مىڭ

ەلىش، هاراق چىقىرىش، توز ئېلىش، خىمىيە سانائىتى قاتار-
لىق سانائەت ئاساسلىرىغا ئىگە.

## 1.3. مەدەنىي يادىكارلىقلىرى.

پىچان ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. يېقىنقى يىللاردىكى قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكى. پىچان ناھىيىسىدە ناھايىتى كۆپ مەدەنىي مىراسلار ساقلانغان ئورۇنلار بار ئىدى. بۇ مىراسلار ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرخىل ۋە ھەر شەكىلدىكى كۆز قاراشلار ۋە ئاپەتلىك يىللاردىكى سول لۇشيەننىڭ تەسىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ھازىر قەدىمقى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن يەتتە قىزمازىرى، ئىمىن خوجا مەھ-كىمىسىنىڭ خارابىسى، قىزىل ئاۋاق خارابىسى، تۇيۇق مىڭئۆيى، ئەسابۇلكەبە ( تۇيۇق خوجام مازىرى ) بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىسى، نەخۇلكونا شەھەر خارابىسى، ھاساشەھەر خارابىسى، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىلىرى، تامغىلىق تاش، كۆكيار قورغىنى، لەمجىن، پىچاندىكى ھەر خىل تورلار، ۋە نۇرغۇن قەدىمىي قەبرىستانلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق مۇداپىزەت قىلىدىغان بىر قىسىم ئورۇنلار بار بولۇپ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرماقتا.

## 1.4. قۇم ئارىشىڭى:

پىچان بازىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە غايەت كۆركەم ئالتۇنرەڭ لالىنىپ تۇرىدىغان قۇم تاغ تىزمىسى جايلاشقان. قۇم تاغ بىلەن پىچان بازىرى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇم تاغ ئۆزىنىڭ ساپلىقى ۋە تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ قۇم تاغ ناھىيىمىزنىڭ

قوغۇشۇن، سېمېنت، مىرابىلىت، تۆمۈر، نوسغۇر، ھاك تېشى، تۇز، ئالتۇن، مىس، نېفىت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار چىقىدۇ. يەنە ئورغۇن تەبىئىي بايلىقلا چىقىدۇ. يەنە ئورغۇن تەبىئىي بايلىقلار گېئولوگىيىلىك قىدىرىش ئۈستىدە تۇرماقتا.

## 9 - دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى

دېھقانچىلىقتا، بۇغداي، ئاق قوناق، كۆنجۈت، زاراگزا، كەندىر، كېۋەز، ماش، تېرىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ.

## 10 - باغۋەنچىلىكى:

پىچان دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا مەشھۇر بولغان «قۇمۇل توغۇنى» «تۇرپان ئۈزۈمى» چىقىدىغان ئانا ماكان. پىچان ناھىيىسىدە يەنە ياڭاق، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئانار، ئەنجۈر، ئالما، شاپتۇل، چىلان، جىگدە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلىدۇ.

## ياۋايى ھايۋانلىرى:

پىچان ناھىيىسىدە ياۋايى ھايۋاناتلاردىن يىلپىز، ئېيىق، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، ياۋا توڭگۇز، كېيىك، بۆرە، تۈلكە، ئۇلار، سو- ئەر، توشقان، ياۋا توخۇ قاتارلىق ھايۋاناتلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ھايۋاناتلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ھايۋاناتلار نۇقتىلىق قوغداش ئوبيېكتى قىلىنغان ھايۋانلاردۇر.

## 12 - سانائىتى:

پىچان سانائىتىدە كۆمۈر، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، سېمونت ئىشلەش، توك ھاسىل

ئۆزلىرىگە دوست تاپىدۇ.

قۇم تاغنىڭ لۈكچۈن تەرەپكە سوزۇلغان تىزمىسىدائاماننىشا مەھەللىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى نەزەر باغ پاسىلىغا قاراماي نېفىت ئىدارىسى بىر زامانىۋى قۇم ساناتورىيەسى قۇرۇپ چىقتى. بۇ قۇم ساناتورىيەسىدە نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەر يىلدا قۇمغا قاقلىنىپ، كېرىپتار بولغان رېماتىزىم كېسەللىرىنى داۋالايدۇ. بۇ ساناتورىيەدە تېخىمۇ كۆركەم مۇئۇلىك باغلار بەرپا قىلىنغان. بۇ باغلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەنجۈرلۈك باغ، تەشپۈتلۈك باغ ئانارلىق باغ ۋە مەخسۇس چىرايلىق، زامانىۋى ئۈزۈم باراڭلىرى بولۇپ، باراڭنىڭ چەگزە ئورنىدا ئىشلەتكەن تۇرۇ- بىلىرىدا سۇ ئېقىپ، سالقىنلىنىدىغانلارغا ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

قىسقىسى قۇم ئارىشىگى كۈن نۇرى بىلەن دەۋالىنىدىغان تەبىئى سەيلىگاھ.

مەشھۇر قوغۇن ماكانى ھوگىنىڭ بېشىدىن باشلىنىپ، دەشغار يېزىسىغىچە سوزۇلغان.

قۇم تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى بوك باراقسان ئورمانزارلىق بىلەن قاپلانغان. ئورمان بەلۋىغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ شاقىراپ كوۋەجەپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

قۇم تاغنىڭ پىچاننى قارىغان تەرىپىدە ياپ - يېشىل كۆل - كىيالار، يانتاق، قومۇشلار يېشىل سىپىل بولۇپ، خۇددى قاراۋۇلدەك قۇمنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، مەھەللىلەرگە، بازارغا قاراپ ئېتىشنى توساپ تۇرىدۇ. قۇم باغرىدا يازنىڭ كۈنى ئۆزۈك، جۇجەم (ئۈزمە)لەر مەي باغلاپ پىشىپ كېتىدۇ.

قۇم باغرىدا پىچان ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ چىرايلىق سېلىنغان ياتاق، تاماقخانىلىرى، داۋالاش ئورۇنلىرى بار. ئورمان ئىچىگە سىكامىكىلار، تاش ئورۇندۇق، جوزىلار، پەلەمپەيلىك جايلاشتۇرۇلغان. بۇ جاي قۇم باغ سەيلىگاھى دەپ ئاتىلىدۇ. قۇم باغقا شەنبە كۈنلىرى، ۋە باشقا دەم ئېلىش ۋە بايرام كۈنلىرى، ھەر ساھە كىشىلىرى توپ - توپ كېلىپ تاماشا قىلىدۇ.

ھەر يىلى ٧ - ئاينىڭ ئالدى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بەل - پۇت، قول زىماتىزىملىرىغا ۋە سوغاق ئەپ كەتكەن كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار تولۇپ كېتىدۇ. پىچاننىڭ مېھمان دوست خەلقى ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىدە قىزغىن كۈتىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ قۇم تېخىمۇ بىر گۈلزار باغدەك مەنزىلىلەرنى كۈتىۋالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىناق ئائىلىسىگە ئايلىنىدۇ. خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇرلار پىچان خەلقى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، كېسەللىرىگە شىپا،

گەكچان، قاۋۇل، ئەقىل پاراسەتلىك ئاقكۆڭۈل ئەجدات بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا ماكان بولۇپ كەلگەن.

يۇرتىمىزنىڭ كارىزلىرى دۇنياغا داڭلىق بولۇپلا قالماستىن، كىشمىش ئۈزۈمى، هوك قوغۇنى، ئانار، ئەنجۈر، شاپتول، ئەشپۈت، ئۈرۈك، جۈجەم، جىنەستە، چىگىدىلىرى، ھەتتا يەر ئاستى بايلىقلىرىمۇ مەشھۇردۇر.

مەن بۇ ماقالەمدە يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ئۈستىدە ئەمەس، يېقىنقى زامان پىچان مائارىپى ھەققىدە توختالماقچىمەن.

يېقىنقى زامان پىچان مائارىپى تارىخىدا: «جاھانناھە مەدرىسى»، «لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسى» يېڭىچە مائارىپتا «تاھىرىيە مەكتىۋى» ۋە ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى مەكتەپلەرنىڭ تەسىرى يۇقىرى بولۇپ، بۇ دەۋرلەر مائارىپىنىڭ مەھسۇلاتى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقۇچى ئەدىپلەر، سەنئەتكارلار، مۇتەپەككۇرلار، تىۋىپلار، ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەت ۋە بەگلىكنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرى، ھەتتا سىياسىئونلار يېتىشىپ چىققان، گەرچە ئۇلار توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، دەۋرىمىزنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن سوراش، ئىزدەش، توپلاش ئارقىلىق بۇ ھەقتە مەلۇم قاراشقا ئىگە بولدۇم، بىلگەنلىرىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە مەزكۇر ماقالەمنى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم. مەن ئالدى بىلەن مېنى بىر بۆلەك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن، ئىمىن سەيپۇللا، تىيىپ پولات، لىتىپ ئەخمەت، مەرھۇم ساۋۇت ئىمىن ئەپەندىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

# پىچان ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپى ھەققىدە

ئەخمەت ھوسەيىن

ئانا يۇرتىمىز پىچاننىڭ 39 مىڭ 800 كۋادرات كىلو- مېترلىق بايى، مۇنبەت زېمىنىنىڭ شىمالىي تەرىپى — كەڭ، ئۇزۇن، ئېگىز، سۇرلۇك مۇقەددەس تەڭرىتېغىغا، جەنۇبىي مەشھۇر نەشپۈتزارلىق گۈزەل ماكان كورلىغا، شەرقىي - بۈيۈك خاس يەتلىك قومۇل بوستانلىقىغا، غەربىي — قەدىمقى ئۇيغۇر مەدە- نىيىتىنىڭ بۆشۈگى، مېۋىزارلىق گۈلباغ تۇرپان شەھرىگە تۇتىشىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنى شەرقتىن - غەربكە سوزۇلغان ھەيۋەت تاڭ شەپقىتىدەك نۇرلۇق ئىدىقۇت تېنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلىدۇ.

تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى — «تاغ ئۈستى» جەنۇبىي تەرىپى «تاغ ئاستى» دېيىلىدۇ.

«تاغ ئۈستى» دە: — چىقتىم، پىچان، لەمجىن (لامچىم)

«تاغ ئاستى» دا: — دىغار، دالان كارىز، لۈكچۈن، تۇيۇق، تۇيۇق بىلەن يانداش ھالدا قەدىمقى ئاتاقلىق ئىدىقۇت شەھرى بار.

تۆت پەسلى يورۇق، روشەن، مېۋىزارلىق گۈلباغلىرى چىمەن گۈلشەن، بۇ ئەزىز تۇپراق تا ئەزەلدىن بىزنىڭ ئەج-

ئەلەم ئاخۇننى «جاھانئامە مەدرىسى»نىڭ باش مۇدەررىسى قىلىپ بېكىتكەن، ئەل - يۇرت خەلقى ئەمىرنىڭ بۇ ئىشىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەشقاللا ئېيتقان.

ئېلى ئەلەم ئاخۇن باش مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىدىن مۇھەممەت شېرىپ، مۇھەممەت ئەزىزى، مۇھەممەت ئەمەر، مۇھەممەت ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەرنى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلغان.

بۇ مەدەرىستە تەخمىنەن 1568 - يىللىرى رەسمىي ئوقۇش باشلانغان.

بۇ مەدرىسە توغۇرلۇق ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ۋەقەلىك يۇقۇرقىدەك بولۇپ، ئەمىر ئەزەمنىڭ مەدرىس سالدۇرۇش ئىشى كىشىلەرقەلبىگە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەدرىسىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە بىرەر ياخشى يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدىم. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ مەدرىسىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ مەدرىسىدە ئاتاقلىق شائىر، كامىل مۇدەررىس ئەخمەت غوجامنىياز («قىسورى») 1730 - يىللاردا ئوقىغان.

1740 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا دەل مانا مۇشۇ ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسكە مۇدەررىس بولغان. بۇ رىۋايەتتىن «جاھانئامە مەدرىسى» ئوقۇتۇشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشتىن تاشقىرى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ، دېمەك «جاھانئامە مەدرىسى» يەچان ناھىيىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كاتتا بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولغانلىقى شەك - شۈبھىسىز.

## 1. جاھاننامە مەدرىسى توغرىسىدا.

بۈيۈك قارا قوجو خاندانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەمىرى ئاۋامسلىم - تەخمىنەن 1549 - يىللاردا ھەج سەپىرىدە ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن، بۇ تەرەققىپەرۋەر ئەمىر ئۆزىنىڭ «ھاجى» بولغانلىقىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن، لۈك- چۈن ئوردىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە مەسچىت سالدۇرغان. بۇ مەسچىتكە ئۇ «ئەزىن مەسچىت» دېگەن نامنى قويغان، ئۇ ھەج سەپىرىدە ئۆز ئېلىنىڭ قوشنا ئەللەردىن كېيىن قالغان- لىقىنى تونۇپ يەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئەمىر ئاۋامسلىم، بىر تۈركۈم ياش تالىپلارنى ئوقۇتۇش قارارىغا كەلگەن، نەتىجىدە بىر بۆلۈك تالىپلارنى تاللاپ، قەشقەر، بۇخارالاردا ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. ئەمىر ئاۋامسلىم بۇخارادىن ئوقۇش تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن ئېلى ئاخۇنغا، ئىقتىدارىغا ئاساسەن «ئاللامە» دېگەن ئىلمىي ئۇنۋاننى بەرگەن، ۋە ئۇنى مەدرىس ئېچىشقا ئۈندىگەن.

ئېلى ئەلەم ئاخۇن ئەمىرنىڭ پەرمانى بىلەن يېتەرلىك مەبلەغ ۋە مادارىغا ئىگە بولۇپ، «ئەزىن مەسچىت» نىڭ ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئۆي ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ لۈكچۈن تارىخىدا ئەڭ تۇنجى بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان مەدرىسنى بارلىققا كەلتۈرگەن، مەدرىس پۈتتۈرۈپ ئوقۇش باشلانغاندا، ئەل - يۇرت، خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەمىر ئاۋامسلىم بۇ مەدرىسكە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قوراللىنىپ، دۇنيانى تونۇپ يېتىشنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدرىسكە «جاھاننامە مەدرىسى» دېگەن كاتتا نامنى قويغان. ۋە ئېلى

امىدا كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلۈكسىز يىغىلىنىپ، زامان ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، 1957 - يىلغىچە داۋاملاشتى.

بۇ مەدرىسىدە ئاتاقلىق مۇدەررىسلەر تەرەپىدىن: ئەرەب تىلى، پارس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات، شەرىئەت قانۇنى، پارائىز (ھېساپ) قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ ئۆتۈلگەن.

ئەدەبىيات دەرسىدە، — ئابدۇراخمان جامى، ئەلشىر ناۋائى، خوجاھاپىز، شەيخ سەئىدى، فۇزولى، فەرىدۇن ئەتتار، قولخوجا ئەخمەت، شامەشرەپ قاتارلىق مۇتەپەككۇر ئالىملار-نىڭ «سۇپا ئاللايار»، «مەسلەكىل مۇتتەقىن»، «نامۇھەق»، «بوستان»، «گۇلىستان»، «مەسنەۋى»، «خەمسە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، شەرىئەت قانۇنىدا — ئوقتۇلۇق ھالدا «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىلگەن. بۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تالىپلارنىڭ سانى ھەر يىلى 1000 دىن كەم بولمىغان. پىچان، تۇرپان، توخسۇن، كورلا، ئۈرۈمچى، كۈچۈك، مورۇي، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلارمۇ بارلىق ئوقۇغۇچىلار-نىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلغان. بۇ مەدرىسىنىڭ بىر قىسىم ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەمىر ھەق ئابدۇللا،
غوجامنىياز ئاخۇن،
ئەخمەت ئەلەم ئاخۇن،
بەكرى ئاخۇنۇم،
ئىبلى ئەلەم ئاخۇن،

## 2 - لۆكچۈن بەگلىك مەدرىسى توغرىسىدا:

ئىمىن خوجا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى مۇناسىۋىتى بىلەن 1762 - يىلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ يارلىقى بىلەن «دولۇ جۈنۋاڭ» ئەمەلىگە مۇشەررەپ بولۇپ، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن تەسىس قىلىنغان «لۆكچۈن بەگلىكى»نىڭ «ۋاڭى» بولدى. ئۇ قەدىمقى ئوردىغا يانداش قىلىپ، ئوردىنىڭ شىمالىغا مەدرىس سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «لۆكچۈن بەگلىك مەدرىسى» دېگەن ئىسىمنى قويدى. مەدرىسىنىڭ ئورنى تەخمىنەن 30 مو بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمارەتلىرى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغانىدى. ئۇنىڭ شەرققە قارىغان ئەگمە پەشتەكلىك دەرۋازىسىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا 40 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئىككى جۈپ مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

دەرۋازىدىن مەدرىس ئىچىگە كىرگەندە قورۇنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ئىشلەپ سېلىنغان 3 ئېغىز 6 دەرسخانە، دەرسخانىلارنىڭ ئارلىقىدىكى مەيدان 150 مېتر بولۇپ مەيداننىڭ غەربىي، شىمالىدىن - جەنۇبقا توغرىسىغا سېلىنغان خانقا، خانقانىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا 12 دىن 24 گۈمبەزلىك ھۇجرا بار ئىدى. خانقا 80 تۈۋرۈك ئۈستىگە سېلىنغان ئېگىز لەمپىنىڭ ئاستى بولۇپ، خانقا بىلەن تۇتاش ھالدا كەڭلىكى 16 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتر كېلىدىغان ھەيۋەت ئېگىز گۈمبەزلىك قىشلىق مەسچىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئىمىن ۋاڭ سالدۇرغان مەدرىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، بۇ مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىمىر يىللار دا-

1 - دەرىجىلىكلەرگە 16 دادەن،

2 - دەرىجىلىكلەرگە 12 دادەن،

3 - دەرىجىلىكلەرگە 8 دادەن،

4 - دەرىجىلىكلەرگە 4 دادەندىن ئاشلىق تەقسىم قىلىنغان. ئوردا يەنە مەدرىسىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، مۇتىۋەللى قويۇپ، مۇتىۋەللى قارىمىقىدا جاروپكەشلەرمۇ بولغان. بۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ - ئىلىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بەگلىك دائىرىسىدىكى مەدرىسىلەردە مۇدەررىس، دىنىي مەكتەپلەردە موللا، مەچىتلەردە ئىمام، خاتىپ، ئوردىدا - خەتتات، كاتىپ، ئاز ساندىكى بەگزادىلەر ھەكىمبەگ، تەيجى، جاساق، باشقۇرغۇچى، جۇڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئىشىك ئاغا، ئايرىملىرى ئاياق بېشى، مىڭ بېشى، كۆكبېشى، كاھ، ساقلىغۇچى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ مەدرىسە قۇرۇلۇپ، باش مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىنغان ئەخمەت غوجامنىياز قىسۇرى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، داڭلىق تىلچىسى، دانا مۇتەپەككۇرى بولۇپ، ئۇ ئەرەپچىدىن ئۇيغۇرچىغا «قەسىدە بۇردىيە» دېگەن ئەسەرنى تەرجىمە قىلغان.

ئۇنىڭ بىزگىچە 3 داستانى جەملەنگەن «رەۋزەتۇل زوھرا» دېگەن توپلىمى، بىرمۇنچە مەسنەۋى، مۇخەممەس، غەزەللىرى يېتىپ كەلگەن. زوھورىدۇن ھېكىمبەگمۇ مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى ئىدى. زوھۇرىدۇننىڭ ئاتىسى — يەركەندە ئىشىك ئاغا بولغان مەھمۇت، ئۇنىڭ ئاتىسى نۇر مۇھەممەت، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا ئىدى. ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئەربابى يەركەنت بەگلىكىنىڭ تەيجىسى بولغان بۇ مەشھۇر شەخسنىڭ بىزگىچە «زوھۇرى»

ئەۋەيست ئەلەم ئاخۇن،
ئىمران مۇپتى ئاخۇنۇم،
ھەسەن مۇپتى ئاخۇنۇم،
ھەكىم مۇپتى ئاخۇنۇم،
ئەخمەتنىياز ئاخۇن.
شېرىپ ھاجى ئاخۇن،
رىقىپ قازى ئاخۇن.
سېتنىياز قازى ئاخۇن.
ساۋۇق ئەلەم ئاخۇن.
ئابدۇللا قازى داموللا.
مەتنىياز قازى ئاخۇن،
سېيىت قازى ئاخۇن،

ھەمدۇللا مۇپتى ئاخۇن — قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، بەگلىك ئوردىسى مەدرىسكە ھەر يىلى ھەلۇم نىسبەتتە ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەدرىسكە قاراشلىق ۋەقپە يەرنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، مۇدەررىسلەرنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

مەدرىسىنىڭ ۋەقپە يېرى 12 بۆلۈم (يەنى 720 مو) بولۇپ، ھەر يىلى مەدرىسگە 350 دادەندىن 400 دادەنگىچە ئاق - قارا ئاشلىق كىرىم قىلىنغان. ئوردا مۇدەررىسلەرنى ئىقتىدارى، ئەمەلى ئەھۋالى، ئوقۇتۇش يىل سانىغا ئاساسەن تۆت دەرىجىگە بۆلگەن.

مۇدررىسلەرنىڭ يىللىق يېش ھەققى ئۈچۈن:

نايخان بەگمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. بۇ مەكتەپ-
نىڭ مۇددەرىسلىرىدىن بىرى بولغان — غوجامنياز ئاخۇن —
ئەلگە تونۇلغان مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، كىشىلەر تاھازىرغىچە
ئۇنىڭغا ئاتاپ سېلىنغان مازارنى تاۋاپ قىلىپ، ھۆرمىتىنى
ئەبادىلمەكتە. بۇ مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى
بولغان ئايشە، قوجۇڭنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كىشىلەر
ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئايشە قوجۇڭ ئەپرىدىن
بەگنىڭ ئايالى بولۇپ، ئەپرىدىن يار كەنتتە بەدەۋلەت تەرىپى-
دىن. ھەپسىگە ئېلىنىپ، ساۋدايى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆل-
گەندىن كېيىن ئايشە، پىچان لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئايال
ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بەگلىك دائىرىسىدىكى مەدى-
رىسلەردە بىردەك ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. بۇنىڭ
بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئوقۇشنى بىلىپ يېزىشنى
بىلمەيدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىلگەن. ئەلشىر ناۋايى ئەسەر-
لىرىنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئوردىغا
ئۆز مەھەللىسىگە تولۇقئاخۇنىنى يانخىدىن كۆچۈرۈپ
ئەكىلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئەدەبىي كىتابلىرىنى كۆچەت-
تۈرۈپ كۆپەيتكەن. ئەسما بول كەپنىك يېشىل كاھىشلىك
گۈمبىزىنى، لۈكچۈندىكى يۇقارقى غوجامنىڭ لەھىسىنى، بەگلىك
مەدرىسە ئىچىگە «شاھنشاھ»نى ياساتقان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى
26 كۆۋرۈك ياسىتىپ سالدۇرغان. بۇ مەكتەپنىڭ ۋاستىلىق
ئوقۇغۇچىسى — سارىخنىم (ھېيتبەگ ئاخۇنۇمنىڭ ئايالى،
تاھىر بەگنىڭ ئاپىسى) ئۆزى چىقىم قىلىپ، بەگلىك مەدى-
رىسكە مەسجىت ياسىتىپ بەرگەن.

مەرىپەتپەرۋەر، جامائەت ئەربابى تاھىر بەگمۇ بۇ

ناملىق بىر توپلىمى يېتىپ كەلگەن.

فىردۇن بەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەت سەئىدىنىڭ «بەگلىك مەدرىسى»نى تۈگىتىپ، ياركەنتتە ھاكىمبەگ بولغان، مۇھەممەت سەئىدىنىڭ ئوغلى ئەپرىدىن بەگلىك مەدرىسىنى تۈگىتىپ، دەسلەپ لۈكچۈندە، كېيىن ياركەنتتە زوھۇردىن بەگلىك ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان. شائىر نىيازى — بەگلىك مەدرىسىنى تۈگىتىپ، دەسلەپ لۈكچۈن ئوردىدا خەتتات، كېيىن ئەپرىدىن بەگنىڭ بىللە ئېلىپ كېتىشى بىلەن ياركەنت ئوردىدا مۇھەررىر بولغان. ئەپرىدوننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ياركەنتتىكى چەرتۈك مەدرىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇدەررىس بولغان. ئۇنىڭ بىزگىچە «دىۋان نىيازى» دېگەن بىر توپلىمى يېتىپ كەلگەن.

سۇلايمان ھاكىمبەگنىڭ، — ئەختەربەگ، مۇختەربەگ، دېگەن بالىلىرىمۇ «بەگلىك مەدرىسى»دە ئوقۇغان. ئەختەربەگ ئىلىدا ئەمەل تۇتقان.

قىزىقچى، ئۇيغۇر تەنقىدى رېئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان موللا زەيدىنمۇ بۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى ۋاڭ — گۇڭ، سۇپى — ئىشان، بۇۋۇبايەرنى رەسۋا قىلىدىغان كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى توقۇپ، ئېكسپىلاتچىلار بىلەن كۈرەش قىلغان.

ئىنتىلابچى، جامائەت ئەربابى، مەشھۇر شائىر نەمەت (نىئمەت) خەلپەتمۇ دەسلەپ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كېيىن خەلپىتى (ئوقۇتقۇچىسى) بولغان.

شائىرنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرى دەۋرىمىزنىڭ گېزىت — ژۇرناللىرى، توپلاملىرىدا ئېلان قىلىنغان. قىزىقچى، ھەجۋى شائىر

رالغان مەھمۇت قەشقىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاتايى، سەك-
كاكى، ناۋايى، زەلىلى، قىسورى، نازارى، ئابدىرېشىت بىيان،
ئامانىساخانىم، زوھۇرى، نىيازى، موللا زەيدىن، ھەتتا ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇردەك ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنى يېتىلدۈرگەن مەد-
رىس مائارىپىمۇ؟ ياكى باشقا يەللەردىكى ئالىي مائارىپمۇ؟ بۇ
مەسىلىنى ئازراقلا ھوشى بار، مېڭىسىدە تەلۋىلىك سويىيى يوق كىشى-
لەرنىڭ چۈشىنىپ يېتەلىشى ئانچە تەس ئەمەستۇ؟

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا نېمە ئۈچۈن مەدرىس مائارىپىنى
مائارىپ دېگىلى بولمايدىكەن؟ بۇنىڭ ئەجەبلىنگىدەك يېڭى نې-
مىسى بار؟

بىزنىڭ مەدرىسى مائارىپىنى ئەسلىشىمىز، مەدرىس ما-
ئارىپىنى دەۋرىمىزگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، شائىرلىق ئەج-
دادلىرىمىزنى ئەسلىشىمىز، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ سايىسىدا
يېتىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلىرىمىزنى روھ-
لاندۇرۇپ، ئالغا باسىدىغان، تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان، جاپا-
مۇشاققەتتىن قورقماي، دائىم ئالغا ئىنتىلىدىغان روھقا ئىگە
قىلىشتىن ئىبارەت. مەدرىس مائارىپى پىچان خەلقىنىڭ يېڭى
مائارىپقا ئېرىشكۈچە بېسىپ ئۆتكەن يولى، شۇڭا بىز بۈگۈننى
بىلىپلا قالماي، تۈنۈگۈننى بىلىشىمىز لازىم.

تۈنۈگۈننى بىلگەندە، بۈگۈنىمىزنى چۈشەنگىلى، بۈگۈنىمىز
ئارقىلىق ئەتىمىزنى چۈشەنگىلى بولىدۇ...

«لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسى»نىڭ تەسىس قىلىنغان 1799-
يىلى، «تۈيۇق مەدرىسى»نى 1800- يىللاردا، «پىچان ئۇلۇق-
تۇر» مەدرىسى ۋە باشقا مەدرىسلەر قۇرۇلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر مەھەللىلەردە دىنىي باشلانغۇچ

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سىدىق ئىرىقىسى ئىدى. (بۇ ھەقتە
تاھىرىيە مەكتەپلىرى بايان قىلىنغاندا توختىلىمىز) شائىر
ئۆتمەن سايپىرۇللامۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ يەنە چان
تاھىسىدىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ
ئىشلىگەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاخۇنى — ھامۇت قارى ئاخۇنۇم ئاپتولۇم
مايۇنلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان ئابدۇللا ھاجى
ئاخۇنۇم، تۆۋرپاننىڭ ئاخۇنى — تۇرسۇن ئاخۇن خەلپىتىم. توق-
سۇنىڭ ئاخۇنى — ھەسسامىددىن ھاجى ئاخۇنۇملارنىڭ ھەممى-
سى «لۇكچۈن بەگلىك مەدرىسى»نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.
ئۇندىن باشقا يۇرتىمىزدا نام شۆھرەتكە ئىگە بولغان ھا-
جىلار، مۇپتىي ئاخۇنۇم، ئەھمەدۇللا ھاجى ئاخۇنۇم، رىزۋان
ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇنۇپ ئاخۇنۇم، ھېيتى ئاخۇنۇم، ھامۇت ھاجى،
مەخسۇم دىباقىلىنىيازشەلەم، ئەۋەيت ئاخۇنۇم، رەھىمان ئاخۇنۇم،
ئابدۇللا بارى، مۇپتى ئەخۇنۇم، ئارىپ ئاخۇن، ئەھمەدۇللا قارى
ھاجىم، ئابدۇللا ناسىر ئاخۇن، يۈسۈپ داموللا، باقى داموللا،
نەمەت ھاجى، خەلپەت قاتارلىق، ئەتتەۋۇر زاتلارنىڭ ھەممىسى
لۇكچۈن بەگلىك مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

دېمەك، لۇكچۈن بەگلىك مەدرىسىمۇ ئۆز دەۋرى، زامانى-
نىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئالىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەر-
گەن — تۆھپىسى كەۋدىلىك بولغان كونا مەكتەپلەرنىڭ ياخشىسى.
بەزىلەر «مەدرىسنى ماڭارىپ دېگىلى بولامدۇ؟!»
دەپ ئەجەپلىنەكتە — ئەمەلىيەتتە ھەزرىلاندى، ماڭارىپنىڭ مەق-
سىدى ئادەم تەربىيىلەش، نەچچە يۈز يىللىق ماڭارىپنىڭ ئا-
ساسى بولغان مەدرىس ماڭارىپى شۆھرىتى كەلگۈسى ئالەمگە تا-

## 3. شۆتاڭ مەكتىپى تاھىرىيە مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسى — غەربىي دىياردا 1884 - يىلى «شىنجاڭ ئۆلكىسى»نى قۇرۇپ، ئارىدىن 18 - يىل ئۆتكەندە پىچاندا «ناھىيە» قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن 1762 - يىلى بارلىققا كەلگەن لۈكچۈن بەگلىكىگە خاتىمە بېرىلدى.

پىچاندىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىگە «تىلماچ» يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە، پىچان، لەمجىن، لۈكچۈنلەردە بىنەردىن سىنىپ ئېچىپ، بۇ سىنىپلارنى «شۆتاڭ مەكتىپى» دەپ ئاتاشتى. بۇ مەكتەپلەرگە يۇقۇرى قاتلام كىشلىرىنىڭ باللىرى مەجبۇرى قوبۇل قىلىندى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئۇلارغا مەيدە ۋە ياندىن توپچىلىنىدىغان (تۆگمىلىنىدىغان) ئۇزۇن چاپان بېشىغا مارجان پۆپۈكلۈك سەككىز قىرلىق قىزىل تەقى كىيدۈرۈپ، ئۇزۇن جالالىق ئۆرمە چاچ قويدۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاسونى مانجۇچە ئوقۇشى خەنزۇچە ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن بەگزادىلەرنىڭ بىر قىسمى يامۇلدا تىلماچ بولدى. شۆتاڭ مەكتەپلەردە پىچاندا يۇقۇرى باسقۇچقا كۆتىرىلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مانجۇ سۇلالىسى 1911 - يىلى 10 - ئايدا ئاغدۇرۇلۇپ، جەمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ 8 ئاي ئۆتكەندە يەنى 1912 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەربى - مەمۇرى ئىقتىدارى ھوقۇقىنى ياڭزېڭشىن ئىگەللەپ تەختىگە چىقتى. ئۇ خەلق قانچە نادان بولسا شۇنچە ئۇزاق ئەمەل تۇتقىلى بولىدۇ، دېگەن تونۇشتا بولغانلىقتىن، شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

مەكتەپلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ موللىلىرىنىڭ ھەممىسى قاھىيەمىز تەۋەسىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ تەربىيەلەنگەن تالىپلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى 4 ياش، 4 ئاي، 4 كۈن، 4 سائەت تولغاندا موللىغا بەرسە «ئالىم» بولىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار 4 ياشقا تولغان ئوغۇل - قىزلىرىنى موللىلارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن سوغا - سالاملار بىلەن ئېلىپ بېرىپ، «گۆشى سىزنىڭ، ئۇستىخىنى بىزنىڭ» دەپ ئوقۇتۇشقا تاپشۇراتتى. بۇ خىل قىزغىنلىق خەلقىمىز ئارىسىدا توسۇپ ئالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۆرپ-ئادەتكە ئايلانغان ئىدى.

موللىلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىززەت - ئابرويى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. كىشىلەر ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە چوقۇناتتى. ئەگەر (موللىلار بالىلارنى ئۇرسا، ئاتا - ئانىلار قىلچە ئىككىلەنمەي: «موللىلار ئۇرغان يەردىن قىزىل گۈل ئۈنىدۇ» — دېيىشەتتى.

مۇنداق ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشى خەلقنىڭ دىنغا بولغان مۇقەددەس ئېتىقادىنى چۈشەندۈرۈشتىن تاشقىرى، ھەرقانداق ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز - پەرزەنتلىرىنىڭ نادان بولۇپ قېلىشىدىن قايغۇرىدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى دىنى ئوقۇش — ر تەغدىرچىلىك خۇسۇسى خۇراپاتلىق ئىللەتلەردىن خالى بولمىغاچقا كىشىلەركە بەخت ئاتا قىلىش، چىقىش يولى تېپىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

قالارغا ئەمەل قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ 1915 - يىلى
تۇرپان ئاستانىدىن ھەسەن فەھمى، مۇھەممەت ئەپەندى، مۇ-
رات ئەپەندىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، لۈكچۈنگە ئېلىپ
كەلدى. تاھىر بەگ يېقىن سەبدىشى، ئىشەنچىلىك ئاغىنىسى
ھامۇت رەقىپ مەخدۇمنى ئىشقا سېلىپ، ھامۇت مەخسۇمنىڭ
ئاتىسى «لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسىنىڭ» شۇ دەۋردىكى باش مۇددەر-
سى ۋەقىپ قازى ئاخۇندۇمنى قايىل قىلىپ، مەدرىس تالىپلى-
رىدىن 100 نەپەر بالىنى، يېڭىچە ئوقۇتۇشقا ئاجرىتىش ئىم-
كانىيەتىگە ئىگە بولدى. تاھىر بەگ ئوقۇغۇچىلارنى، ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن 3 سىنىپ قىلىپ تەشكىللىدى ۋە
بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن «لۈكچۈن بەگلىك مەددرىسى» نىڭ ئى-
چىدە رەسمى ئوقۇش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن پىچان ماتارىپ
تارىخىدا ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ يالغراق سىگنالىنى چېلىپ
پىچان ناھىيىسىدە ھەقىقى خەلق، ماتارىپىنىڭ مەشئىلىنى ياند-
دۇردى. بۇ ئاغزاكى قىزغىنلىق ئەمەس، تۆت ئەتراپنى خۇنۇك
جاھالەت پەردىلىرى، مەھكەم چۈمكىگەن، خۇراپاتلىق زۇلمى-
كىشەنلىرى كىشلەر قەلبىنى ئەسىر قىلغان، تەقدىرچىلىك ئەقى-
دىسىنىڭ بېسىمى ئادەملەرنى كۆرەش قىلىش، ئالغا بېسىش
ئىدىيىسىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۇ دۇنيانىڭ دوزىقىدىن ئىبارەت
ۋەھىمىسى بىلەن قورقۇتۇپ، تېز پۈكتۈرگەن كونا دۇنياغا،
كونا دېۋىزگە ئوت ئاچقان ئۇلۇغ رېئاللىقنىڭ بارلىققا كېلىشى،
باشتىلاردىن ئۇن قېتىم مەدەت ئالغاندىن، ئۆزى غەيرەتكە كې-
لىپ، بايراق كۆتىرىپ، قۇتلۇق قەدەم تاشلىغان ئالىمجاناپ
مەردانىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى، قاراڭغۇ، خۇنۇك ئالەمگە دانى-
كۇدەك قەھرىمانلىق بىلەن يورۇقلۇق ئاتا قىلىشىنىڭ

قۇياش نۇرىنى ئىتتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، قارا يۈرەك زالىم ئەمەلدار ياڭزېڭشىنىڭ خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1915 - يىلى پېچاننىڭ ماناردىپ ئاسمىنىدا بىر نۇرلۇق چولپان پارلىدى.

پىچان خەلقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئاتاقلىق زىيالىيسى — تاھىر بەگ خەلقنى نادانلىقتىن، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇپ، زۇلۇم - ئاسارەت بولمىغان پارلاق كۈنگە ئېرىشتۈرۈشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى، بۇ جەمئىيەتتىن چىقىش يولى ئىزدەيتتى.

سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ جۇڭگودا 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى پىتىن - چىن قىلغانلىقى، ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇڭا ئۇ سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. تاھىر بەگ 1912 - يىلى سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى تەبرىكلەش شىنجاڭدا ماناردىنى كۆللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت ياردىمى بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن «ياشلار ۋەكىللىرى تۆمەنكى» نى باشلاپ نەنجىڭغا باردى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي ياردەم بەرمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ياردەم بېرىشكە قۇربى يەتمەيتتى. تاھىر بەگ ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە: «سەۋدىرنىڭ زورىدىن ھالقا تۇتۇپ، چەكسىز يوق شۇ كۆزنىڭ ئىلتىپاتىغا تەلمۈرۈپ يۈرۈپ» ۋاقىتنى ئۆتكۈزسە خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇسىغا يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، «ياتقىچە - ئات!» دېگەن قەدىمقى

رۇش مۇراسىمىنىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشى، بىر قىسىم كە-
شىلەرنىڭ نەق مەيداندا بالىلارغا خەت يازدۇرۇپ، كىتاب
ئوقۇتۇپ كۆرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ، شېئىر ئېي-
تىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىشى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى قاتتىق
تەسىرلەندۈردى. مانا مۇشۇ مۇراسىمدىن كېيىن بۇ مەكتەپنىڭ
نامى كىشىلەر قۇلىقىغا يەتتى، مەكتەپنىڭ شان - شۆھرىتى
ئەتراپقا تارقالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تاھىرىيە» مەكتىپىدە
ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەسسىلەپ ئاشتى.
ئوقۇغۇچى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن تاھىر بەگ يەنە ئاستانىدىن
ھەيدەر سايرانى، شاھى شەرەپ دېگەن ئوقۇتقۇچىلارنى مۇ-
ئەللىملىككە تەكلىپ قىلدى. 1920 يىلى - ئەتراپتىكى دىنىي
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. «تاھىرىيە مەكتىپى» دە ئوقۇش
ئۈچۈن كېتىپ قالغانلىقتىن، بازىرى كاساتلاشقان بىر قىسىم
«موللام» لار ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ
«ئابروي» دىن قالمىغان ئوردا قازىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ
ئايرىم مەسچىتلەردىكى مۇتەئەسسىپ ئىماملارنى قولغا كەلتۈرۈپ:
«تاھىرىيە مەكتىپى، بالىلارنى جەدىت قىلىۋەتتى»، «تاھىرىيە
مەكتىپىدە ئوقۇغان بالىلار ئۇ دۇنيادا ئىمانسىز كېتىدۇ»،
«بۇ مەكتەپتە بالىنى ئوقۇتقانلار ئىمانسىز كاپىرلار بىلەن با-
راۋەر»، «ئەپەندىلەرنى قوغداش كېرەك» دېگەن ئۆسەك سۆز-
لەرنى تارقاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر مەسچىتتىكى نادان كىشى-
لەرنى تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا تاياق - توقماقلارنى
كۆتەرتىپ تاھىرىيە مەكتىپىگە باستۇرۇپ كەلدى. بۇ بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ ئەلپازلىرى بۇزۇق، پەيلى يامان ئىدى. تاھىر بەگ يا-
مان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، موللىلار-

باشلىنىشى ئىدى.

تاھىر بەگ كەم ئۇچرايدىغان جاسارەتلىك ئادەملەرنىڭ
تىپىدىن بولۇپ، تېز پۈكمەيدىغان، ئەكسىيەتچى مۇتەئەسسىپ كۈچ-
لەر بىلەن مۇرەسسەلەشمەي كۈرەش قىلالايدىغان، «ئەلنىڭ
غېمى - ئەرنىڭ غېمى!» دەيدىغان غەيرەت — شىجائەتلىك
ياشلاردىن ئىدى. ئۇ باشلىغان ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە توخ-
تىمايتتى. شۇڭا ئۇ مەكتەپنى دەسلەپ مەدرىسىدىن ھازىمھاجى
دېگەن تەرەققىپەرۋەر مۆتىۋەر زاتنىڭ قورۇسىغا، ئۇندىن كېيىن
ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۆز قورۇسىغا
كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇ بۇ مەكتەپكە «تاھىرىيە مەكتىۋى» دېگەن
نامنى قويدى. بۇ ھال ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پەۋ-
قۇلئاددە قەھرىمانلىق ئىپادىسى ئىدى.

تاھىر بەگ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك غەم - ئەندىشىلىرىنى ئۆگەتتى،
ھەر ئايلىق ئىش ھەققىنى دەل ۋاقتىدا تۆلىدى ئۇلارغا ئو-
ڭۇشلۇق خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بەردى. بۇ ياش ئوقۇت-
قۇچىلارمۇ خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشىنىدىغان قەيسەر
ياشلاردىن بولغاچقا، ھەر كۈنلۈك دەرسنى ئەستايىدىل تەييارلاپ،
شەبنەم تامچىسىدەك پاك، چۆل - جەزىرىلەر سۇغا تەشنا بول-
غاندەك، ئىلىم - مەرىپەتكە تەشنا بولغان چاكىسقاق دىللارغا
پەننىڭ رەنا گۈللىرىنى تېرىپ، ئېچىلدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ
مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتى 3 يىل بولۇپ، ئاناتىلى،
ھېساب، ئەسىر سائادەت (تارىخ) جۇغراپىيە، ئىملا، تەجۋىد،
شېئىر، تەنتەربىيە، قۇشخەت دەرسلىرى ئۆتۈلگەنىدى. «تاھىرىيە
مەكتىپى، تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈ-

ئىلمىي هال (تىل)، ئىلمىي تەجۋىد ھەندىسە (ھېساپ) مۇئەللىم سانى، مۇئەللىم ئەۋۋەل (تۈركى قىرائەت) دەرسلىرىنى ئۆتكەن. كىشىلەر ئەمەلىيەتنى كۆرۈپ بارا - بارا ئۆسمەك سۆزلەرگە ئىشىنمەيدىغان، بەلكى قارشى تۇرىدىغان ھالەتكە يەتكەن تاھىر بەگ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان. ناتوغرا كەيپىياتلارغا قارشى ھارماي - تالماي قارشى كۆرەش قىلغان. نەتىجىدە 1923 - يىلى گۈلبەگنىڭ قورۇسىدا يېڭى مەكتەپ ئېچىلغان. بۇ مەكتەپلەردە يەنە داۋاملىق مۇھەممەدىن ئەپەندى، مۇرات ئەپەندى، ھەسەن فەھمى ئەپەندىلەر دەرس ئۆتكەن، بۇ مەكتەپلەردە دەسلەپ ئوغۇللارلا ئوقۇغان بولسا، كېيىنچە قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. مەسىلەن: خەلىچىخان ئابدۇللا (ئابدۇل قەشقەرىنىڭ قىزى). گۈلسۈمخان تاھىر (تاھىر بەگنىڭ قىزى) ئايسەخان ھازىم (ھازىم ھاجىنىڭ قىزى) لار بۇ مەكتەپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

1928 - يىلى يەنە ھازىم ھاجىنىڭ قورۇسىدا مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئابباس نەجىبى ئەپەندى تەكلىپ قىلىندى. ئىبراھىم مۇپتى، ئەخمەت نىيازدانىش، سەدۇللا سىراجىدىن، ھۈسەيىن ئابدۇللا قاتارلىق كىشىلەر ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ تاھىر بەگ پىچان تارىخىدا ئىلىم - پەن نۇرىنى تارقىتىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يادنامە قالدۇردى. ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قوللاش تۈگۈل، قارشى تۇرىدىغان، ئۈجۈقتۇرىدىغان تارىخىي شارائىتتا ئۆز پاراستى، ئەمگىكى ئارقىلىق ئەمگەكچان ئاقكۆڭۈل كىشىلىرىمىزنىڭ خەيرى

نىڭ «چىشىغا تېگىپ، ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويغان» ھەيدەر
ئەپەندىنى كەتكۈزۈش ئارقىلىق، قالغانلارنى شاقلاپ قىلىش
قارارىغا كەلدى - دە، تاھىر بەگ ئۆزىنىڭ تورۇق ئېتىنىڭ
چۇلۇۋۇرىنى ھەيدەر سايرانىغا بېرىپ:

— ھەيدەر، ئاتقا مىنىڭ، سىزنى 100 ئات بىلەن قوغ-
لىسىمۇ يېتىشەلمەيدۇ، سەن ياخشىدىن ئۆتۈپلا كەتسەڭ، سىزنىڭ
بىر تال تۈكىڭىزگە چېقىلغان نوچى بىلەن ئۆزەم سۆزلىشىمەن،
دېدى. شۇ ھامان ھەيدەر سايرانى ئاتقا مىنىپ چىقىپ
كەتتى.①

تاھىر بەگ تۇپىلاڭچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بۇ مەك-
تەپنى ئاچقان مەن! قېنى، ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇخادىن چىقماقچى
بولساڭلار مېنى ئۇرۇڭلار!» دېگەندە ئامالاج كەلگەن ئاۋامنىڭ
باشلىرى سەگىلەپ، تاياق - توقماقلىرى يەرگە تاشلاندى،
ئۆز نەسىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ سارامسىمىگە چۈشكەن جاھىل موللا-
لارلا بىر بولەك باللارنى ئۆكچۈن مەدرىسىگە ئېلىپ كېتىشتى.
بۇ جاڭجال ئاخىرى شۇنداق ئاخىرلاشتى.

مەدرىسىگە قايتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىلار رېقىپ قازى ئا-
خۇنۇمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۆز پىشكەللىرىنى ئاساس قىلىپ،
كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يېتىلىدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ ئورۇن-
لارغا بېرىپ دەرس ئۆتىدىغان بولدى. ئوقۇغۇچىلار كىشىلەرنىڭ
ئېڭىغا ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە بولغان مايىللىقىنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تارقاق ھالەتكە كۆچكەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا:

---

① ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچى ھەيدەر سايرانى 1937 - يىلى ئىلى-
شىمەي يەرەپتىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

# 1934 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان پىچان مائارىپى

## 1 - ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ۋە يېڭى مەكتەپلەر

1933 - يىلى نەچچە ئون مىڭ بىگۇناھ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبكار بولغان ئاچكۆز مىلىتارىست جىن شۇرېن قېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا رەزىل، جاللات شىڭ شىسەي تەختكە چىقتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن 1930 - يىللار خەلق ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. خوجىنىياز ھاجى 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرى پىچان ناھىيىسىگە كەلگەندە ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئالغان، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، قوشۇنىنىڭ كاتىباتلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ ياردەملەشكەن سەپدىشى تاھىر بەگنى پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ، تەيىنلەپ ئەۋەتتى. تاھىر بەگنىڭ پىچان ناھىيىسىگە كېلىشى، پىچان ناھىيىسىدە يەنە بىر قېتىم مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئوقۇتۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن پىچاندا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، لۈكچۈندە بىۋاستە تارماق

خاھىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇتەئەسسىپ، جاھىل كىشىلەر
ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە قوللىشى ئارقىلىق
ئېچىلىپ 1915 - يىلدىن 1930 - يىللارغىچە داۋاملاشقان
«تاھىرىيە مەكتىپى» ناھىيىمىز ئۈچۈن 350 تىن ئارتۇق دەس-
لەپكى قەدەمدىكى ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان. ئۆز دەۋ-
رىدىن ھالقىغان ئوقۇمۇشلۇق ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.
شۇڭلاشقا خەلقىمىز پىچان تارىخىدا تۈنجى مەرىپەت مەشئە-
لىنى ياققان جەسۇر، قەھرىمان ئوغلى تاھىر بەگ ھېتىنى،
بىلىم ئۇرۇقلىرىنى ساپ كۆڭۈل ئېتىزلىرىغا تېرىغان مۇرات
ئەپەندى، ھەسەن فەھمى ئەپەندى، مۇھەممەدىن ئەپەندى، ھەي-
دەر سايرانى ئەپەندى، شاھى شەرەپ ئەپەندى، ئاببىاس نەجبى
ئەپەندىلەرنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ. ئۇلار بىلەن ئەبەدى پەخىرلە-
نىدۇ. ئۇلار ياققان خەقىقى خەلق مائارىپىنىڭ مەشئىلى يال-
قۇنلايدۇ. پارلايدۇ. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۆچمەيدۇ.

ئىسمايىل شەرىپ، زايىت ھاجى،
ھەمدۇللا تالىپ، يۈسۈپ تالىپ،
ئابدۇللا توختى، ھامۇت خەلپەيدى،
ئاۋۇت ئېلىنىياز، قۇربان مەخسۇت،
يۈسۈپ ھۆشۇردىلار رەئىس.
لۈكچۈن بىۋاستە تارماق، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا:
ئەخمەتنىياز ھاجى، سېتىنىياز ۋاجىدى،
نىياز مۇھەممەدى، قاسىمجان زۇلپارى،
نۇر ھاپىز، سېيىتنىياز شىردىپ،
جاھانگىر نىياز بەگ، يۈسۈپ بەگ،
زۇھرۇدۇن بەگ، ئىساق ئەزىزى،
نەمتۇللا ھاجى، بەكرى ئاسىلىم،
يۈسۈپ نەزەر ھاجى، ئابدۇللا سەلىم،
ئەخمەتنىياز ئاداۋۇتلار ئاگەر ـ ئاخىر بولۇپ رەئىس بولغان.

پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەرلەپ تەۋرىنىپ كورسىتىلمەك مۇنازانىلىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ بېشىرتەمە زىكىسىل تۇرغانلىقىن كېيىن قۇرۇلۇش قىلىپ، ئۇنى تورنىغا (ھازىرقى پىچان ناھىيىلىك يېزىلىق ھۆكۈمىتى تۇرۇۋاتقان جايدا) كۆچۈرگەن. لۈكچۈن بىۋاستە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنىپ جايىنىڭ قورۇسىنى ئىجارىگە ئېلىپ شۇ يەردە ئىش باشقۇرغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى يارلىق باكتىپ ئامىللارنى ئىسمى بويىچە تىزىملاپ ئالاي يۇقىرى جايلاردا مەكتەپ ئاچقان. ئۇيۇشما رەئىسى ۋە بۆلۈم مۇدىرلىرى: ئىچىدە ھەبىبۇللا ئامىرى، يۈسۈپ تالىپ، ئابدۇللا سەلىم، ئەخمەتنىياز داۋۇت قاتارلىق نۇر دەرىجىنىڭ

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. تاھىر بەگ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلمىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ئەپسۇسكى ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە تاھىر بەگ ئۆلكىگە يۆتكەپ كېتىلىپ، ئىچكى ئىشلار نازىرى بولدى. 1937 ـ يىلى شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ قۇربان بولسىمۇ، ئۇ ناھىيىمىزدە چاغدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ساداقەتلىك بىلەن ۋارىسلىق قىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھەيئەتلىرى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، 5 تىن 7 گىچە دائىمى ھەيئەتتىن تەشكىللەنگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى: كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە، لاۋازىمات... قاتارلىق بۆلۈملەردىن تەشكىل تاپقان. ھەربىر بۆلۈمنىڭ بۆلۈم باشلىقى؛ بۆلۈم مەسئۇلى ياكى مۇدىرى دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن ئاتالغان. ھەر بىر بۆلۈمگە: بۆلۈم ئەزالىرى، تەكشۈرگۈچى مۇپەتتىشلەر قويۇلغان.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسىي كىرىمى ـ يۇرتتىن توپلانغان زاكاتتىن كەلگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى يەرلىك مەھكىمە بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلىق رولىنى ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى جانلاندۇرۇش، مەدەنىي مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، مەكتەپ ئېچىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش، مەكتەپلەر خىزمىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. پىچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ [illegible] نۇر ھېۋزۇللا، ھوشۇر نىياز، [illegible]

1948 - يىلى: قىر كارىز، يېزا كىچىك، دىغار، يۇرمۇك، تېرەك باغلاردا 2 دىن 3 كىچە سىنىپ ئېچىلغان.

تۇيۇقتا: 1940 - يىلى مەكتەپ ئېچىلىپ، 2 سىنىپ ئوغۇل، بىر سىنىپ قىز قوبۇل قىلىنغان. 1942 - يىلى سۇ بېشىدا، يانخېيدا سىنىپ ئېچىلغان.

لەمجىندە: 1935 - يىلى ئەتىيازدا بىر سىنىپ ئېچىلغان، بۇ مەكتەپنىڭ ئورنىنى يۇسۇپ ھۇشۇر بەرگەن ۋە ئۆز پۇلى بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى سالدۇرغان. 1936 يىلى چۇۋاڭقىردا، 1937 - يىلى خاندۇ مەكتەپ ئېچىلغان. 1938 - يىلى لەمجىندە قىزلار سىنىپى ئېچىلغان. بۇ سىنىپقا ناھىيە تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم ئايال ئوقۇتقۇچىلار مەسئۇل بولغان. بۇ ئايال ئوقۇتقۇچىلار شەمسىيە خانىم بىلەن مەستۇرىخانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، پەرەنجىنى تاشلاپ، ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىقىشى ناھىيىمىزدىكى مىڭلىغان، رتۇمەنلىگەن ئايالالارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى چۈمبەللىرىنى تاشلاش جۈرئىتىگە ئىگە قىلغان. ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەكتەپلەردە مۇنتىزىم تەشكىل تۈزۈم ئورنىتىپ ھەر كۈنى 4 - 5 سائەتلىك دەرس ئۆتۈش، ھەر سائەتلىك دەرس ۋاقتى 45 مىنۇت بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. سىنىپلاردا سىنىپ مۇدىرى، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى (دەرس مۇئەللىمى) لارنىڭ بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغان. سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە سىنىپ باشلىقى، تازلىق باشلىقى، تەرتىپ باشلىقى تۇرغۇزغان. ئوقۇغۇچىلار ئازات قويۇپ بېرىلىشىدىن ئىلگىرى نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى مەكتەپنىڭ كۈندىلىك ئوقۇتۇش ئەھۋالى، دەرسكە قاتنىشىش ئەھۋالى، كۆرۈلگەن ياخشى - يامان مەسىلىلەرنى

دائىملىق زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتەپ مۇدىرلىرى بار ئىدى. شۇڭا ئۇيۇشمىلار قۇرۇلۇپلا مەكتەپ ئېچىش دولقۇنى بارلىققا كەلدى. جايلاردا مەكتەپ ئېچىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

پىچاندا: پىچان بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى 1933 - يىلى ئاپرېلدا باشلانغان. بۇ مەكتەپ دەسلەپ ھېمىت ئىسىملىك تەرەققىپەرۋەر كىشىنىڭ قورۇسىدا ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەنلىكتىن بازار مەسچىتكە، ئۇندىن كېيىن، سىپەر ئاخۇننىڭ قورۇسىغا كۆچكەن. 1935 - يىلى رام دوغى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىن ئاجرىتىلغان پۇلنى ئىرا- جەت قىلىپ، 12 سىنىپ 4 ئىشخانا، بىر كىچىك كۇلۇب سالدۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوقۇغۇچىلار يېڭى بىناغا كۆچۈرۈلگەن. 1936 - يىلى بازار مەكتەپ قارمىقىدا 3 قىزلار سىنىپى ئېچىلغان.

1937 - يىلى شۆكە، چىقتىملاردا مەكتەپ ئېچىلغان. 1942 - يىلى بازار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ شۆبە سىنىپلىرى ئۈپىتىدە: مۇرەن، تۇرپانلىق ئارسى، چوققا تام، ماچاڭلاردا بىردىن ئىككىنچىگىچە سىنىپلار ئېچىلغان. لۈكچۈندە، لۈكچۈن بىۋاستە تارماق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1934 - يىلى ئۇيۇشما ئىچىدە مەكتەپ ئاچقان. 1935 - يىلى لۈكچۈن كونا شە- ھەردە مەكتەپ ئېچىلغان. 1937 - يىلى بەكرى سىلىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن 12 سىنىپ 4 ئىشخانىلىق مەكتەپ بىناسى سالدۇرغان، لۈكچۈن بازىرى دائىرىسىدىكى مەكتەپلەر بۇ جايغا (ھازىرقى لۈكچۈن مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئورنىغا) كۆچۈرۈلگەن. 1936 - يىلى ئامانشاھ، سىركىپ، دىخانسۇلاردا مەكتەپ ئېچىلغان.

ئەتراپىڭغا باق،
باغنى كۆرەرسەن،
ئويلانغىن ئۇزاق.

دەرس ئىبرەتلەر،
ئالغىن جاھاندىن،
ياۋرۇپالاردىن،
ئال ئەمدى ساۋاق.

دىگەندەك ئوخشاش شېئىرلارنى ئېيتقان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بىر خىل بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن، شۇ چاغدا ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىم - كېچىكى كۆك، قىزلارنىڭ كۆپچىسى قىزىل، يوپكىسى كۆك بولغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرىنى ھەقسىز تەمىنلىگەن، كاملارنى تولۇقلاپ بەرگەن. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەكتەپلەرگە ئايلىق خىراجىتىنى ئۈچۈن پارچە راسخوت بەرگەن. ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىمى، سەۋىيەسى، ئەقتىدارى، ئوقۇتۇش يىلى، ئاتقۇرۋاتقان ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئايلىق ئىش ھەققى بېرىشنى تۈزۈملەشتۈرگەن. يازدا چاي پۇلى، قىشتا كۆمۈر پۇلى، تارقاتقان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تولۇقلىنىشى، كەينىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، قىزلار گىمنازىيەسى، ئۆلكىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئوقۇش تۈگەتكەنلەرنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇيۇشمىنىڭ

دوكلات قىلىپ قويۇۋېتىش تۈزۈمىگە ئايلاندۇرغان؟ ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەممە مەكتەپلەردە: ئانا تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، ھۆسنخەت، تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىرىنى ئوقۇتۇشنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - 13 - 14 - كۈنلىرىنى پائالىيەت كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، شۇ كۈنلەردە ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى پىچانغا ئەكىلىپ: تەنتەربىيە، شېئىر ئېيتىش، ئەدەبىيات، سەنئەت، نۇتۇق، سۆزلەش مۇسابىقىلىرىنى ئويۇشتۇرغان. ياخشى مەكتەپ، ياخشى ئوقۇتقۇچى، ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلىگەن. مۇكاپاتلىغان. پائالىيەت ئاخىرلاشقان كۈنى بارلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوچا نامايىشىغا ئويۇشتۇرغان. بۇ پائالىيەت ھەر يىلى ئىزچىل ئۆتكۈزۈلگەن. شۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار:

ئەي ۋەتەن، مىللەت،
ئويغان غەپلەتتىن،
قۇتۇلدۇق ئەمدى،
زۇلۇم - كۈلپەتتىن،
ئاچىلىق، ئاچىلسۇن،
مەكتەپ گۈللىرى،
ياشىسۇن، مەڭگۈ،

تالىبەلىرى دېگەن شېئىرنى يەنە:

X X X

قوپ، ئەي قېرىنداش،

ئاممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىلمىشقا تەييار تۇرغان ھەيۋەت يوغان، ئۇزۇن «مىق» بولۇپ كۆرۈنگەن. ئۈچىنچىسى، ئىشنى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى نوقتىلاشتىن باشلىغان. بۇ چاغدا پەيچان ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر ئويۇشمىلىرىمۇ ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ رۇخسەتسىز ھېچ ئىش قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. بۇ دەۋر ماتارىيېنى ياخشىراق چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ئارخىپتا ساقلانغان ھۆججەتلەرنى ئانالىز قىلىپ كۆرەيلى: تۆۋەندىكى ھۆججەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ:

پەيچان ناھىيىلىك شەنجىڭفۇ ئىدارىسىگە:

پەيچان ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىدىن. تەشۋىقات بۆلۈم، ئالاقە نومۇرى: 32. (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى). ھۆرمەت بىلەن شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، ئاينىڭ 10 - 11 - كۈنلىرى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشما «سانائى نەفىسە» بۆلۈمچە تەرىپىدىن بىلەت-لىك ئويۇن قويماقچى ئىدۇق. قويۇلىدىغان سەھنە كىتابى «زەينەپكە تۆھمەت» دېگەن قىسسە ھەم 25 نومۇر كونسېرت قېشىپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدارىڭىز خاتىرىگە ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن، يېقىندىن ياردەمدە بولۇشلىرىنى سورايمىز.

پەيچان ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئويۇشما (تامغا).

1936 - يىلى تۇرپاندا ئىككىنچى قېتىملىق يەنە ئىككى ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئېچىلىپ، بۇ قېتىمقى كۇرۇسقا ئەۋەلقى كۇرسقا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلاردىن سىرت يېڭى ئوقۇتقۇچى بولغانلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى يېشى چوڭراق سەۋىيىسى بىر قەدەر ياخشى بولغان، ئوقۇتقۇچى بولسا بولىدۇ دەپ قارالغان ئوقۇغۇچىلار تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى. بۇ كۇرستا ئاساسى پەنلەر ئۆگىتىلگەندىن سىرت، كۇرسقا بارغان ئوقۇغۇچىلارغا تەنتەربىيە كاماندىرلىقى ئۆگىتىلدى. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇ ۋاقىتتا «چاۋۇش» دېيىلەتتى. ئۇلار مەكتەپلەرگە كەلگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرىنى بەردى. شۇ نۆۋەتتە پىچاندىن كۇرسقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئابدىراخمان سېتىنىياز، ياسىن رېقىپ، ئىبراھىم رازىيوفلار ئىدى. بۇلار كېيىنچىراق داڭلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئىنقىلابچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، ياسىن رېقىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. رازىيوف 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ مىللىي ئارمىيەدە كوماندىر كېيىن تۇزپان ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1987 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن قازا تاپتى.

1937 - يىلدىن باشلاپ لەمجىندە بىر سىنىپ ھۆكۈمەت تەمىناتىغا ئۆتتى. ئۇ ۋاقىتتا بۇ سىنىپ «شەنلى سىنىپ» (مەكتەپ) دەپ ئاتالدى. ئۇ شۇنداق سىنىپ ناھىيە بويىچە ئاران 4 ئىدى. بۇ 4 سىنىپتىن باشقا سىنىپلارنىڭ ئوقۇت-

تارىخىنىڭ سەھىپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە ھوشۇر، يۈسۈپ نەمتۇللا رەشىدىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئالاھىدە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. بۇ كىشىلەر لەمجىندە مەكتەپ بەرپا قىلىشتا بايراقدار بولغان باشلامچىلاردۇر. بۇ كىشىلەر لەمجىن مائارىپ بۆشىكىنىڭ ئىجاتچىلىرىدۇر. بۇ كىشىلەر لەمجىن مائارىپىنى تەشكىللىگۈچىلەردۇر.

1939 - يىلى لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپىگە يەنە يېڭىدىن بىر سىنىپ قوشۇلۇپ، 3 سىنىپلىق مەكتەپ بولدى. بۇ سىنىپلارغا شانىياز توختى (يېڭى ئېچىلغان سىنىپقا) ھەمدۇللا ھېلۇپ (2 - قېتىم قوشۇلغان سىنىپ)، مەستۇرخان (كونا سىنىپ)لارنى ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگۈلەپ، نەمتۇللا رەشىدى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۆتىدى. شۇ يىلى چۆۋانقىردىمۇ بىر سىنىپ كېڭەيتىلىپ، سەلىمە رىشىت ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. ئەسلىدىكى سىنىپنىڭ مەسئۇلى ئاغرىپ قالغانلىقتىن شۇنىڭ ئورنىغا لەمجىن مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان مەخمۇت ئابىت ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇلدى. شۇ يىلى (1939 - يىلى) كۈزدە ئابلا پولات، ئىمىن قاسىم، مۇھەممەت قاسىم، ئىمىن ئاقۇپلار ئۈلكىلىك ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىندە، ئۈگىنىشتە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا ئوقۇشقا ئۇزۇتۇلدى. ئىبراھىم رازىپوف ئۈلكىلىك مەدەنىي كادىرلار كۇرسى (مەكتىپى)گە ئوقۇشقا چىقىرىلدى.

1940 - يىلى لەمجىن مەكتىپىگە يەنە بىر سىنىپ قوشۇلدى. بۇنىڭغا تالىپ ھەمدۇل (ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگۈلەندى. نوجىبۇللا ئېلى تۇرپاندا ئېچىلغان دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەتكەچكە، ئاستانىدىكى سىنىپقا تېيىپ

شارائىتتا بىر قەدەر سىياسىي مەزمۇنى ياخشى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان ناخشا ــ ئۇسسۇللارنى ئوينىشتىن سىرت «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ...»، «ئالدامچى تەۋىپ»، «قانلىق لوكوچاۋ»، «ئۆگەي ئانا» قاتارلىق درامىلارنى ئويناپ خەلقنى ئويغىتىش، مائارىپقا جەلىپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

يەرقەندىكى پائالىيەلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەشكىللەش ئىشلىرىدا كېچە ــ كۈندۈز تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن مەرىپەت-پەرۋەر پىداگوگلاردىن جالال ھازىم، خوجامنىياز نەسرى، قاسىم ھابىد، بەكرى نەمەت، شەمشىخان، مەستۇرخانلارنى لەمجىن ۋە پىچان مائارىپىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئوقۇتقۇ-چىلار دېمىشكە بولىدۇ. چۈنكى شۇ دەۋردە دىن ۋە فېئودال-لىق ئادەتلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان بىر تارىخى شارائىتتا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يېڭىچە مەكتەپ-لەرنى ئېچىشنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش، سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئويناپ، خەلقنى ئەدەبىي زوق بىلەن زوقلاندۇرۇش تاماشىبىنلاردا پەيدا قىلىدىغان بىر خىل بەدىئىي تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر خىل پەۋقۇلا-دە مەنىۋى پائالىيەتتۇر. يەرقەندىكى ئوقۇتقۇچىلار ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان روھنى جارى قىلىپ بۇ مەدەنىيەت جەڭگىنى قىلدى. ئۇلار جامائەت توپلانغانلىكى جايلارغا بېرىپ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش، ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش، نادانلىققا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەرغىبات بىلەن شۇغۇللان-دى. ئۇلار تەرغىباتچىلارلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئەزرۇق چاچقۇچى ۋە مىۋە بەرگۈچىلەردىن بولدى. لەمجىن مائارىپ

بەكرى نەمەتلەر 1944 — 1445 - يىللىرى نەمتۇللا سېتىنىياز، ئۇغۇلخان ھىممەت، ھوشۇر ھازىم، مۇھەممەت خالىق قاتارلىق سەۋپىيسى ئالاھىدە كۆرنەرلىك بولغان ئوقۇغۇچىلار تالىنىپ خاندو، چوۋانقىر، لەنجىن، سۇبىشى قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن ئېچىلغان شىنىپلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگۈلەندى.

1946 - يىلى ئىسمايىل مەنسۇر، ھەبىبۇللا غازى، ھامۇت ھېۋىپ، ئىمىن ئاقۇپ (11 - مەھەللە كومىتېتىدىكى)، ھۆشۇر روزبەتلەر، 1947 - يىلى قاسىم نىيااز، نىياز ھىممەت، نىياز قاسىم، كامىل مەگلەك، ھەمدۇل قۇربان، ھامۇن مۇقىيىت قاتارلىق ياخشى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار ئىلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. 1948 - يىلى تاھىرنىيلى قاتارلىق 8 نەپەر ئوقۇغۇچى يەنە ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىرىلدى.

بۇ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت - مائارىپ، قانۇن ساھەلىرىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرلۇشىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بىر قىسمى ھازىرمۇ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مۇناسىپ ساھەلىرىدە ئاساسلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ. بىر قىسمى ئاپەتلىك يىللاردا پاجىئەلىك ھالدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى لەمجىن ئوقۇتقۇچىلىرى

مىزەر نەرسىنى ئاكقىرالىغانلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن

ئابدۇللا مەسئۇل مۇئەللىم قىلىپ بېكىتىلدى.

1940 - يىلى كۈزدە لەمجىن مەكتەپتىن ئىلى مۇسا، سالى روزىلار، 1941 - يىلى روزى ئىسمايىل، ئىمىن پولاتلار ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا چىقىرىلدى.

1940 - يىللىرى دەرسلىكلەرمۇ بىر قەدەر سىستېمىلاشىپ، ئىزچىللىققا يۈزلەندى. دەرس قوللانمىلىرى تۈرلىك قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ئوقۇلغان دەرسلىكلەر ۋە ئۆزۈمچىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەۋەتىپ بەرگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىغا تايىنىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىپ تۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا گىراماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ھىساپ (4 ئەمەل مەسىلىلىرى)، تارىخ، تەنتەربىيە، شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. سىياسەت دەرسىدە بولسا، شۇ چاغدىكى «6 سىياسەت» ئاساس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ «8 مۇھىم ۋەزىپىسى»، «9 مۇھىم نىشان» دەپ ئاتالغان شېڭ شىسەينىڭ سىياسىي دوكلاتلىرى دەرسلىك قىلىناتتى.

1941 — 1943 يىللاردا 1 - 2 - 3 - 4 - سىنىپلارنى تەزىز سىنىپ، 5 - 6 - سىنىپلارنى رۇشدى سىنىپ (ئالىي سىنىپ) دەپ ئاتايتتى.

يۇقۇرى سەۋىيەلىك ئوقۇتقۇچىلار، يۇقۇرى سەۋىيىلىك ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرەلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشىنى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكىدىن ۋە تەسىرىدىن ئايرىشقا بولمايدۇ. شۇنىداق بولغاچقا 1942 - يىلى قاسىم مۇھەممەت، باۋدۇن ئەرشىدىن، قاسىم قايىتلار، 1943 - يىلى ياقۇپ يۈسۈپ،

ھەسسىنى قوشتى. شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي روھى ئۆسۈپ، يوشۇرۇن تەشكىلاتنى كېڭەيتىپ، دېھقان ۋە باشقا كەسىپتىكى ئىنقىلابچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى يىلتىزىغا پالتا چېپىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى قوراللىق كۆرىشىگە يېقىندىن ماسلاشتى. پىچان، تۇرپان، توقسۇندىن ئىبارەت 3 ناھىيە ئىچىدە، لەمجىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ياشلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەندى. ياشلار ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ 1 - ئوقىنى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لەمجىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئاتتى.

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ناھىيىمىزدىكى قوشۇنى ئېغىر قۇربان بېرىشلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ بىر قېتىملىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈچىنى نامايەن قىلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقىزادىگە سېلىۋەتتى. لەمجىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مۇشۇ قوشۇننىڭ مۇھىم بىر قانىتى بولدى. كۈرەش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلاردىن يۈسۈپ تالىپ، مۇھەممەت قاسىم، شانىياز توختىلار قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا تەقدىم قىلدى.

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى داۋالغۇش تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار.

جەمئىيەت تەرەققىياتىدا بارلىققا كەلگەن شەيئىلەر بىر يوللا مۇكەممەللەشمەيدۇ. بۇ تۈرلۈك توسالغۇ، قارشىلىقلارغا

نۇر چاقناپ تۇرغان بىلىم يۇرتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئىچىگە كىرىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالىي جاناب ئىددىيە ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى جاپالىق ئەمگەك سىڭدۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلدۇرالىغانلىقىدا كۆرۈلۈپ ئىسپاتلانغان.

خەلق ئاممىسىنىڭ دىلىنى يورۇتۇش، نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىپ، ھۆرلىك ئۈچۈن ئىنتىلىدىغان روھى ھالەتنى تۇرغۇزۇش، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىستېتىك لەززەت ئالىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك خىزمىتى. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن قوشقان ئەجرى بىلەنلا پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا لەمجىن مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا يالغۇز مەكتەپتە ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش بىلەنلا بولماي، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش خىزمىتى بىلەنمۇ ئاكتىپ شۇغۇللاندى. بۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ دىلىنى يورۇتتى ۋە سىياسى جەھەتتىن ئويغاتتى. ئۇلار ئەكسىيەتچىلەر يۈرگۈزۈۋاتقان دەھشەتلىك زۇلۇم ئېكىسپىلاتاتسىيە ۋە ھەر خىل ھەر ياكزا ھاشالارغا، خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىرچىلىق ۋە ناھەقچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ لەمجىن ئوقۇتقۇچىلىرى مىللى ۋە سىنىپى زۇلۇمغا قارشى يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلىدى. يوشۇرۇن ھەركەتنى قەدەممۇ-قەدەم ئەۋج ئالدۇرۇپ، 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلى ئىنقىلاپچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلگەن «11 بىتىم» نىڭ ئەسلى ئىجراسى ئۈچۈن كەۋدىلىك ھالدا ئۆز

ۋالىغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ۋاقتىدا بەرمەي، بۇ پۇللار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئېلىم - سېتىم قىلىۋېلىپ ئاندىن بېرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى قولىغا تەگكەندە پۇلنىڭ قىممىتى ھەسسىلەپ چۈشۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تۇرمۇش كەچۈرۈشتە چىدىغۇسىز ئېغىرچىلىقلارغا سالاتتى. مەسىلەن، شۇ مەزگىلدە شانسياز توختىنىڭ ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىگە بىر ئاياقنى ئاران ئالغانلىقى ھازىرغىچە ئېسىمدە.

دېمەك، ئوقۇتقۇچىلار ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدىمۇ خەلق پەرزەنتلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى سەرپ قىلىپ، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس ئەجىر سىڭدۈردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا لەمجىن باشلانغۇچ مەكتىپى تېخىمۇ گۈللىنىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى تەربىيەلەشتە ھاياتى كۈچىنى جارى قىلماقتا. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەنگۈسى.

قارشى كۆرەش جەريانىدا تەرەققى قىلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.
ئۇيغۇر مائارىپى جۈملىدىن باشلانغۇچ مەكتەپمۇ خۇددى شۇ-
نىڭغا ئوخشاش جەمئىيەتتىكى ھەر خىل مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ
كاشىلىسى ۋە قارشىلىقى نەتىجىسىدە راۋاجلانغان. لېكىن
باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇزۇن ئەگرى توقايلىقلارنى بېسىپ
ئۆتتى. مەكتەپنىڭ دەسلەپكى ئېچىلغان مەزگىلىدە مەكتەپ،
سىنىپ، ئوقۇتقۇچى، ئۈسكىنىلەر، دەرسلىك ماتېرىياللىرى
يوق ۋە ناچار ئىدى. ئوقۇتۇش يۈنۈلۈشى ھەققىدە گەپ
ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. 1944 - يىلى شىڭ-
شىسەي «6 سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گومىنداڭنىڭ
«4 مەسلىكى» نى ئوقۇتۇشنىڭ فاڭجىنى قىلىپ تەكىتلىدى.
مائارىپ مۇشۇ تارىخى شارائىتتا كەلگەندە ناھايىتىمۇ قالاي-
مىقانلىشىپ كەتتى. جىياڭجېشىنىڭ «نەسلىدىن ئۇرۇغ»
دەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىدىغان
سەپسەتىسى بازارغا سېلىندى. گومىنداڭ جۇڭگىياڭ داشۆسىنىڭ
«تارىخ ئالىمى» دەپ ئاتالغان لى دوڭفاڭ شىنجاڭغا كېلىپ،
«شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان تۈركلەر بولسا، ئىسلام دىنىدىكى
خەنزۇلاردۇر» دېگەن چوڭ خەنزۇچىلىق سەپسەتىسىنى تارقات-
تى. بۇ سەپسەتە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان
زىيالىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا روھى جەھەتتىن ئېغىر بېسىم
ۋە ئىددىيە جەھەتتىن دەۋالغۇشلارنى پەيدا قىلدى. مائارىپ
ئىشلىرى بىر مەزگىل بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئىقتىسادى جەھەتتىن
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ھالدا ئۆتتى. بىر
تەرەپتىن پۇل پاخاللىقى، يەنە بىر تەرەپتىن مائاشنىڭ ئاز-
لىقى، ناھىيە ۋە مەركەزلەشكەن مەكتەپلەردە ھوقۇق ئىگەللى-

تىگە تەپمەك دېگەندەك. دېھقانلارغا پوتەي سېلىش، ئالۋاڭنى سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلە - تىرىلىش بىلەن كارى بولمىدى. ھەتتا پوتەي قۇرۇلۇشىدا ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرىنى كۆرۈلۈپ تۇردى.

مەسىلەن، 1946 - يىلى لۈكچۈندە سېلىنىۋاتقان پوتەي ئۆرۈلۈپ كېتىپ، 6 - 7 ئادەم توپا ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. قازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئەرز قىلسا، ئۆلگۈچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە 3 كۈرە (100 جىڭ) قوناق بېرىپ تۈگۈشىدۇ. مۇنداق خورلۇقتا كىمنىڭ چىداپ تۇرالىسۇن.

گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ۋە يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىنتايىن چىرىكلىشىپ، پارىخورلۇق قىلىش، قاقتى سوقتى قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاجەتمەن پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمىدى. ھەممىلا يەردە زار - زار قاخشاپ يۈرىدىغانلار كۆپەيدى.

زومىگەرلەر ئەكسىيەتچىلىكتە تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى.

مائارىپ ئىشلىرىدا ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، مىللى مائارىپنى زور دەرىجىدە چېكىنىشكە ئېلىپ باردى. ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي جەھەتتىن كەمسىتتى، ئىقتىسادى جەھەتتىن قىستى. مەسىلەن، 1946 - يىلى ناھىيەمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار ناھىيە بازىرىدا يىغىلىپ ئۆتكۈنۈش قىلغان مەزگىلدە مۇئەللىم روزى ئىسمايىلنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى

# 1947 - يىلدىكى پەيچان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخى

ياقۇپ يۇسۇپ

شىنجاڭدا بىر قانچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاللات شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ ساقتاقىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جياڭجېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى ۋە مۇستەھكەملىدى.

1944 - يىلدىن باشلاپ، ئۇلار نۇرغۇنلىغان ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدار ۋە نۇرغۇن ھەربى كۈچلەرنى يۆتكەپ چىقىپ، شىنجاڭ خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى ناھايىتىمۇ زور دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇردى. دېھقانلارغا سېلىنىدىغان ئالۋان - ياساق ئۆستى. ئۈستىگە كۆپىيىپ، خەلقنى ناموراتلىقتىن، ئاچارچىلىق دەستىدىن كۈن كۆچۈرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

سودا - سانائەت، قول ھۈنەرۋەنلەردىن ئېلىنىدىغان باج كۆپىيىپ ھەر خىل يوللار بىلەن جەرىمانە قويۇلۇپ، سودا - سېتىق، قول سانائەت ئىشلىرىغا ئېغىر زەربە بېرىلگەنلىكتىن، تىجارەت ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ناھىيەمىزنىڭ ستراتېگىيىلىك جايلىرىغا پوتەي سېلىش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ مەھسۇلات كۆپ چىقىدىغان تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىگەللىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئۈس-

دائىرىسىدە سارىسىمگە سالدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بۇ زور غەلىبىسى باشقا 7 ۋىلايەتكە تېزلا تەسىر قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئويغاتتى. بۇلۇڭپۇڭ يېچان، تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ دېھقان ۋە زىيالىيلىرىغا تەسىرى چوڭ بولۇپ، ئۇلاردا ئويغىنىش ھەم ئويۇشۇش ناھايىتى تېز بولدى. بۇ 3 ناھىيە خەلقى گومىنداڭنى يوقىتىش، ئازاتلىق،ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش پەقەت كۆرەش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش دەيدىغان چۈشەنچە ۋە ئىشەنچنى ھاسىل قىلدى.

پۈتۈن شىنجاڭدا يالقۇنلاۋاتقان بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەمدى ئالدامچىلىق نەي-رىڭىنى بازارغا سالماي بولمىدى. ئۇلار ئىنقىلابچىلارنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتىگە تۇتۇش قىلدى. ئەمەلىيەتتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاندى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن 3 ۋىلايەت خەلق ۋەكىل-لىرى ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلاندى. سۆھبەتكە گومىنداڭ تە-رەپتىن جاڭجىجوڭ، 3 ۋىلايەت تەرەپكە ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىق قىلدى. سۆھبەت نۇرغۇنلىغان كۆرەشلەر ئىچىدە 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 11 بىتىمنى ئىمزالاپ، غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىتىم روھىدىن چوڭ ئىلھاملاندى. بىتىمدە: «ئۆلكىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە سايلام ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق خەلق ئۆز كۆڭلىدىكى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ھەر دەرى-جىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا سايلاپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە»، «خەلق سۆز، مەتبەئە يىغىن ئېچىش، نامايىش قىلىش ۋە

ئورۇلسىز ئۆرۈپ، يېڭىبوغا سولىدى. بۇ ئىشقا بارلىق ئى-قۇتقۇچىلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئامايىنش ئۆتكۈزدى. بۇ ۋەقەنى قۇرچاق ناھىيە باشلىقى ۋالىجوڭلە ۋە دىلىكيىلىكچالك جۇمە مەسچىتىدە تۆۋە قىلىپ، ئۆزىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاخىرلاشتى.

يوقۇرقىدەك زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىق پۈتۈن شىنجاڭدا ئەۋج ئالغانىدى. شۇڭا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ دەۋرىدىن ئاشقان زۇلمىغا قارشى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى ئازادلىققا تەشنا ناھىيە خەلقىگە يېتىپ كەلدى. ناھىيىمىزدىكى ئىنقىلاب ئىستىگىمغا ئىگە دېھقان ياشلىرى، ئىنقىلابىي زىيالىيلىرى تەشكىللىنىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى كۆرەشكە تەييارلاندى.

1947 - يىلى فېۋرالدا ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرلار پەنجانغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. خەلق ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ داغدۇغۇلۇق قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىدى. بۇ نۇتۇق خەلقنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ياشلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش روھى تۇرغۇپ تاشتى.

## 2. ياشلار ئىنقىلابىنىڭ تەشكىللىنىشى

1944 - يىلدىكى ئىلى، ئالتاي، چۆچەك 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى بۇ ئۈچ ۋىلايەتتە ھەر تەرەپتىن مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى پۈتۈن شىنجاڭ

② ‐ مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئويغىتىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ‐ ياساق، ھەر خىل باجلارنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛

3. دېھقانلارغا سىياسىي، ئىقتىسادىي بېسىم ۋە جەبرى تەھدىت كۆتۈرالغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر بولغاچقا ئازاتلىق، ئەركىنلىك، تەڭلىك ۋە خەلقچىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىسا، قوراللىق كۈرەش بىلەن مەقسەتكە يېتىش.

گومىنداڭ بۇنىمۇ ئىجرا قىلمىدى. شۇڭا 1945 ‐ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پىچاندا غوجامنىياز، ئابدۇل يۇنۇس ھوشۇرلار، بەلەمچىندە ئىبراھىم رازىيوپ، مۇستاپالار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەركەتلىنىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بىر نەچچە نۆۋەت چىقىپ ئالاقىلىشىپ كەلدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە، گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ناھىيىدە بۇ گۇرۇپپىنى قۇردى، لېكىن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى.

1946 ‐ يىلى غوجامنىياز ئابدۇل ئۈرۈمچىگە قايتا چىقىپ، رېھىمجان، شابىر ھاجى، ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، 1946 ‐ يىلىنىڭ ئاخىرى 10 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان «پىچان ياشلار تەشكىلاتى»نى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا سابىق پىچان ناھىيىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارە مەسئۇلى يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. ناھىيىنىڭ چەت رايون يېزىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا سابىق ناھىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ھەبىبۇللا ئامىرى، شەھەر ياشلىرىدىن

باشقا ئۆزگىرىشلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەللى تەرەپ ئۆزىگە دائىرە جايلاردا ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان قوراللىق قىسىملىرىنى ساقلايدۇ. قالغان يەتتە ۋىلايەتتە دېموكراتىك ئەركىن سايلام يۈرگۈزىدۇ». دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەر بەلگىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بېتىم روھى خېلىلا ئۈمىدكە ئىگە قىلىپ، روھلاندۇردى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ. بېتىمنى ئىجرا قىلمىدى، ھەر خىل قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن خەلققە تەھدىت يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تەشكىللىنىپ، كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جۇددى لېنىننىڭ «كىشىلەرنىڭ بېشىغا بىرەر پالاكەت، ئېغىرچىلىق يەتسە، سەن ئۇلارنى ھەمۇرى بۇيرۇق بىلەن تەشكىللىمىسەڭمۇ ئۇلار ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ قالىدۇ» دېگىنىدەك ياشلار ئارىسىدا «ياشلار ئىنقىلابىي تەشكىلاتى» نىڭ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

### 3. تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى:

ياشلار ئىنقىلابىي تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار گۇرۇپپىلىرى ناھىيىمىزنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا قۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتتا بىر تەشكىلات رەسمىي پروگرامما ياكى نىزامنامە تۈزۈپ چىقمىغانىدى. لېكىن تەشكىلاتنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئېنىق مەقسىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

1. 11 ماددىدىن ئىبارەت تېچلىق بېتىمنىڭ ئەمەلدە ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە قوغداش.

لەمجىن گۇرۇپپىسىغا؛
سىيىت زۇر (گۇرۇپپا مەسئۇلى)، ھەمدۇللا مۇسۇپ، توختى ئۆلاتا، ياقۇپ يۇسۇپ، ئىمىن شەمشىدىن، شالىنىياز ئەپەندى، سالى پازىل، تىيىپ پولات، تالىپ ھەمىدى، ئابلىمىت يۇسۇپ، نىياز قاسىم، مەخمۇت ئابىت، سىيتى مەڭلىك، كېرەم نىياز نەمتۇل، قاسىم ئابدۇل قاتارلىق 15 نەپەر كىشى قاتناشتى.

قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى ئىنقىلابى گۇرۇپپىلار قۇرۇلۇپ ۋە كېڭىيىپ، ناھىيىمىزنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئادەم سانى ئوخشاش بولمىغان ھالدا كۆپەيدى. ئۇلار ئۇيۇشۇش ۋە تەشكىللىنىش ئۇسۇلى جەھەتلەردە ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇل قوللاندى. بەزىلىرى قەسەم بېرىش، بەزىلىرى بەدەن - قوللىرىدىن قان چىقىرىپ قول بېسىش، مەلۇملىرى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىردى. قەسەمنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: تەشكىلاتنى قەتئى ئاشكارىلىماسلىق، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا، ھەرقانداق جەۋرى - زۇلۇمغا ئۇچرىسمۇ تەشكىلاتنى، يولداشلارنى پاش قىلماسلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ تەشكىلاتلار مەخپىيەتلىكنى قەتئى ساقلاش، دۈشمەنگە ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسىملىكنى تىزىملىماسلىق، مەجلىسلەردىن خاتىرە يازماسلىق، تونۇشتۇرۇلغۇچى بىلەن، تونۇشتۇرغۇچى ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى بىلمەمەسلىكتىن ئىبارەت تەشكىل - ئىنتىزام پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىدى.

پىچاندىكى ياشلار ئىنقىلابى تەشكىلاتىنىڭ يۇقۇرقىدەك

نىياز سېيىتنىيازلار مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى.

تەشۋىق تەربىيە ئىشلىرىغا سابىق مائارىپ بۆلۈم باشلىقى يۇسۇپ تالىپ، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا پىچان يېزا يېڭى ئېرىقتىكى ئەۋەيست شائىجالى، ھەربىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا غوجامنىياز ئابدۇل، مالىيە ئىشلىرىغا سابىق ناھىلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈم باشلىقى ھەمدۇللا زايىتلار مەسئۇللۇققا قويۇلدى.

ھەيئەتلەر ئىچىدە مۇئاۋىن ھاكىم خېلىل ئىبراھىم، ياسىن رېقىپ (ئوقۇتقۇچى) ھەمدۇللا سۇلتانلار بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىكە باپ خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىشىۋالدى.

لۈكچۈننى ئاساس قىلغان تاغ ئاستى رايونلىرىغا ئابلىمىت ھۇشۇر، لەمجىن رايونىغا ھەبىبۇللا ئامرى، يۇسۇپ تالىپلار، پىچان رايونىغا غوجامنىياز ئابدۇل، يۇنۇس ھوشۇر، چىقتىمغا نىياز سېيىتنىياز بىلەن ھەمدۇللا سۇلتانلار مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار ئاساسەن تەشۋىقات ۋە تەشكىللەش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، يېزىلاردا گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپىلار ئەۋەل لۈكچۈن، تۇيۇق، ياڭخى، كارىز، لەمجىنلەردە قۇرۇلدى.

لۈكچۈن، تۇيۇق، ياڭخى، كارىز گۇرۇپپىسىغا: ئەخمەتنىياز داۋۇت (گۇرۇپپا مەسئۇلى) تۇختى رەجەپ، قۇربان تۆمۈر، سىدىق خەلپە، جاۋۇل ئابدىرېھىملار، ئىمىن شائىجالى، ئەخمەتنىياز ئىبراھىم، ئابدۇررازاق (مۇئەللىم) (بۇ 3 كىشى ياڭخى كارىز مەسئۇللىرى). ھىمىت شائىجالى، ئىبزىزئاخۇن (مۇجۇقى)، شەمشاخۇن، غوپۇر ئىبراھىم (مۇئەللىم) قاتارلىق 12 كىشى قاتناشتى.

لىقتىن، بۇ سىياسى كۆرەشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايلا قالماستىن، بەلكى ياشلارنىڭ بۇ ھەركىتى كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن غالجىرلارچە باستۇرۇشقا ئۇچرىدى.

كومىنداڭ دائىرىلىرى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە بىر پەيدىن كومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئورۇنلاردىكى ئىنقىلابى ياشلارنى قاتتىق نەزەربەنت قىلدى. ئۆزلىرىگە خەۋپلىك دەپ تونۇغان ياشلارنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويدى. كېيىنچە ياشلارنىڭ بېشىغا ئاپەت تېگىپ پوستا تۇردى. لەمجىن، خاندۇ، لۈكچۈن پەيچۇسىلىرىنىڭ سوجاڭلىرىنى يۆتكەپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئۆز ئادەملىرىنى خىزمەتكە قويدى. گۇمانلىق دەپ قارىغان لەمجىن پەيچۇسىنىڭ سوجاڭى ئابلىمىت يۈسۈپ، خاندۇ پەيچۇسىنىڭ سوجاڭى مۇھەممەت قاسىملارنى ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە يۆتكەپ نەزەربەنت قىلدى. پىچاندا ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ياسىن رىقىپ قاتارلىق مۇئەللىم - خىزمەتچىلەرنى قولغا ئېلىپ قاماپ قويدى. ۋەلى ھەمدۇل، جاپپار نەمەتلەرنى تۇتماقچى بولغاندا بۇ سېزىلىپ قېلىپ، قېچىپ كەتتى.

لۈكچۈن پەيچۇسىغا ئائىلە يوقلاپ كەلگەن سىدىق ھەسەن ۋە باشقىلارنى قولغا ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. (بىزنىڭدىن خەۋەر تېپىپ سىدىق ھەسەننى قۇتقۇزۇۋالدى.)

پىچان ناھىيەسىنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئەھۋال مۇشۇنداق بولۇپ، كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بارلىق ئىنقىلابىي ياشلارنى قەدەممۇ - قەدەم قولغا ئېلىپ، يوقۇتمىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

تەشكىل پىرىنسىپى بولغاچقا قاتناشقۇچىلار تولۇق سانىنى ھازىرغىچە ئېنىقلاشقا ئىمكان بولمىدى، ھازىرغىچە 00 ـ دەك يازمىسى...

ناھىيەدە ياشلار ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتلىرى يوقۇرقىدەك تەشكىلات كۆرپىلارغا ئۇيۇشۇپ چىقتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سىياسى ئىقتىسادى جەھەتتىكى بېسىمى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇلارنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن ياشلار قولىغا قورال ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

## 4 ـ سىياسى ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق ئىنقىلابقا يۈزلىنىشى

1947 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇرۇمچىدە ئەمەلگە ئاشقان يىغىلىش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ۋە مۇئەللىملەر ئىلگىرى ـ كېيىن يىغىلىشقا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ھەم ناماقۇل (ئۇرۇمچىدىن كەلگەن پارتىزان) نىڭ ئادەملىرىمۇ ناھىيەگە كەلدى. بۇلارنىڭ ئېيتىشىچە 11 بېتىملىق تولۇق ئىجرا قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆلكە رەئىسى مەسئۇت سابىرىنىۋە زىيىسىدىن قالدۇرۇش سىياسى كۆرىشىنى ئېلىپ بېرىشى لازىم ئىكەن. مۇشۇ مەخپى ئەت بىلەن بىر بولۇم ياشلار كۆكيار تېغىغا يىغىلغان.

گومىنداڭنىڭ يىچان ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى كۆكيار تېغىدىكى ياشلارغا ۋەكىل چىقارغان.

ياشلار ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىگە بىر نەچچە تۈرلۈك تەلەپ قويغان. لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ياشلار ھەركىتىنى زورلۇق كۈچ بىلەن باستۇرۇش بولغان

هۆكۈمىتى؛ قوغلىنىغاندىن ئۆيىگە كېلىۋاتقىنىدا تۇتۇۋېلىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ يېڭىبۇسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكىدىن، بۇ كىشىلەر ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. تۇردى يېزىزىپ دېگەن سودىگەر كىشىمۇ شۇنداق بولدى.

بۇ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇپ، گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ قوراللانمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ، قورال ئىزدەشكە كىرىشتى. ۋە يەر - مىراسلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى سېتىپ قورال ئالدى.

مەسىلەن، ئابدۇل بوجاڭ، 4 كۆرلۈك ( 8 مو ) يەرنى سېتىپ بىر تال مىلتىق ئالغان، لەمجىنىدىكى ھەمدۇللا ھىۋىدىپ 1500 جىڭ ساپ پاختا پۇلىغا بىر تال مىكىس ماتىتىق سېتىۋالغان. ياڭخىمدىكى ئىمىن شاڭجاڭ نەچچە مىڭ جىڭ پاختا پۇلىغا بىر يۈرۈش تەخسىلىق پىلىموت سېتىۋالغان. پىچان ياشلىرى كۈچۈك، مورى، تۇرپان، قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ۋە باشقا قورال سودىگەرلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، قوي ۋە نەقپۇللارغا مىلتىق، ئوق - دورا سېتىۋېلىپ قوراللانغان.

— يالاڭ موزا، قارا مىلتىق قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى ياسىدى. ياكى ئۇستا تۆمۈرچىلەرگە ياساتقۇزدى. بەزىلىرى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن مىلتىقلارنى تارتىۋالدى. مەسىلەن، پىچاندىن نىياز ئالتۇنچى، لەمجىنىدىن توختى ئۇلاتا، قاسىم ئابدۇللار گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن مىلتىق تارتىۋالدى. پىچان شەھەر ئەترابىدىكى ياشلار ھەربىي ماشىنىلاردىن 7 - 8 ساندۇق ( 400 تال ) گىرانات ئېلىۋالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابى ياشلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش-
كە مەجبۇر ئىدى.

قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان يەنە بىر سەۋەب، مالەنسۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ھەللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلىقىدىن بولدى.

1946 - يىلدىكى بېتىدە دېموكراتىك سايلام يۈرگۈزۈش قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم كونا ئەمەلدارلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەسىلەن: پەچاندىن مەتىيىپ، ھامۇت ئەبەيت، لۈكچۈندىن ماچۈيچاڭ (كامار) لەمجىندىن مەخسۇت، سىبىدەگەن قاتارلىق كىشىلەر يېزا باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبەيت شاگىجاڭ (پېچان يېزا باشلىقى) قاتارلىق كىشىلەرنى سايلىدى.

بىر قىسىم يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچى كۈچلەر، مالەنسۇڭ (خۇيزۇ) نى ۋاستە قىلىپ، ئۇرۇمچى گارنىزونىدىكى سوگشىلەن بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇنىڭ ئەستىنقىلىشى بىلەن دۆگبازاردا ياشلار ئىنقىلابىغا قارشى قوراللىق ئەتىرەت تەشكىللىدى. بۇ قوراللىق قىسىمغا مالەنسۇڭ لەنجاڭ، ماموفۇ لەنجاڭ، يۈيبۇر پەيجاڭ قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ بىر پەي ئادەم كېچىدە قوراللىق يوش قىلىش، كۈندۈزلىرى دېھقان شەكلىدە ياسىنىپ، ئىنقىلابى ياشلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى تىڭ - تىڭلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى ئۇلار بىگۇنا جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھەركەتلەر بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى بولمىغان يۇۋاش دېھقانلارنىمۇ گومىنداڭغا تۇتۇپ بېرىپ جېنىغا زامىن بولدى. مەسىلەن، تۇردى قېرى، ئابلىز، مامۇت قاتارلىق ئىككى دېھقان

كۈزۈپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ساقچى شۆبىسىدىكى تەشكى-
لات ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كېچىدە ساقچى شۆبىسىگە
ھۇجۇم قىلىپ، قوراللارنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى. ھەر-
كەتكە قاتنىشىدىغان ئادەملەرنى بېكىتىپ چىقتى. شۇنىڭغا ئا-
ساسەن يېرىم كېچىدە، پوستا تۇرغان خوجامنىياز كېرەم بىلەن
ئالاقىلىشىپ، توختى ئۇلاتا، ئىبراھىم داۋۇت، ياقۇپ يۇسۇپ
قاتارلىق 17 كىشى ئوڭۇشلۇق ۋە ئەپچىللىك بىلەن ساقچى
شۆبىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، پولات سوجاڭنى تۇتتى ۋە 8
تال مىلتىق، 3 تال قىلىچ، 3 گىرانات، 4 دانە ئاتنى غەنىمەت
ئالدى. پولات سوجاڭنى ئەخمەت مۇھەممەدىن باشچىلىقىدا
بىر گۇرۇپپا ئادەم باغلاپ ئۆرتەڭگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ساقچى شۆبىسىنىڭ قورالىنى ئالغان بىر قىسىم ياشلار
شۇ كېچىسى خاندۇ ساقچى شۆبىسىنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىش
ئۈچۈن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ (ساقچىنىڭ) مۇدا-
پىئەسى پۇختا بولغانلىقى، ئىچكى جەھەتتە ماسلىشىدىغان ئا-
دەم بولمىغانلىقى، بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسىزلىكى
تۈپەيلىدىن قوراللارنى تارتىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى. شۇنىڭ
بىلەن بۇ ياشلار ئۆرتەڭ ئىغىزىغا چېكىنىپ كەتتى. بۇ ئىشلار-
دىن ئىلھاملانغان لۆكچۈن ياشلىرى 1947 - يىلى 7 - ئاي-
نىڭ 9 - كۈنى ئەخمەت نىياز باشچىلىقىدا جىددىي يىغىن
ئېچىپ، ياڭخې كارىزىدىكى ئىسىن شاڭجاڭغا خەت ئەۋەتتى. خەت-
تە ياڭخېدىكى تەشكىلات ئەزالىرىنى شۇ كۈنى كېچىدە لۆكچۈن-
گە يەتكۈزۈپ كېلىش ئۇختۇرۇلغان ھەمدە ئۇلار كەلسە، لۆك-
چۈن ياشلىرى بىلەن بىرلىكتە لۆكچۈن ساقچى شۆبىسىگە ھۇ-
جۇم قىلىپ، قوراللىرىنى تارتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئې-

شۇنداق قىلىپ ياشلارنىڭ قولىدا ٥٩ تالدىن ئارتۇق قورال بار بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ياشلار قىلىچ، خەنجەر قاتارلىق ئۆزلىرىنى قوغداش قورال - ئەسۋابلىرى مەلۇم تەييارلىق ئاساسلىرىنى ياراتتى.

## 5 - قۇراللىق قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىشى

لەنجىن يېزىسىدىكى «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»غا قاتناشقان لەنجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت يۈسۈپ ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىگە چاقىرتىلىپ، نەزەربەنت قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا، پولاتنى لەنجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ بېكىتتى. پولات لەنجىنگە كېلىپلا لەنجىن، چۈۋانقىردىكى ئىلغار ياشلاردىن 25 نەپىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەركەتلىنىۋاتقانلىقى سېزىلدى. شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر بەن ئادەم لەنجىنگە كېلىپ، لەنجىن پەيچۈسو بىلەن ماسلىشىپ ئادەم تۇتىدىغانلىقى ئېنىقلىنىپ قالدى. ساقچى شۆبىسى ئىچىدىكى ياشلار تەرەپ خادىمى كېرەم ھاپىز، غوجامنىياز كېرەملەرمۇ ياشلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئەھۋال قىيىنلاشتى، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ ياشلار ئالدىدا «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن سوئال قويۇلدى. بۇ ۋاقىتتا 11 بىتىمنى قوغدايمىز دەپ، تىنچلىق كېلىشىمنى بۇزماسلىق تەرەپتە تۇرغاندا، ئىنقىلابىي ھەركەتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك يېقىنلاپ قالغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىنقىلابىي ياشلار جىددىي يىغىن ئۆت-

توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن قوراللاندۇرۇپ، پايدىلىنىۋاتقان يەر ئىدى.

پاشلارنىڭ مۇددىئاسى كۆپرەك قورالغا ئىگە بولۇش، بۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار چەت، ياقىغا، تارقاق ئورۇنلاردىكى قوراللارنى يىغىۋېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەتىگەندە ئىمىن شاڭجاڭ باشچىلىقىدىكى لۈكچۈن، ياڭخى پاشلىرىدىن 70 دىن ئارتۇق كىشى 4 سوقىمىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردە بىر نەچچە سائەت جىددى ئۇرۇش بولدى. ئاخىرى تۆت سوقىمنى ئىگەللەپ تۇرغۇچىلار تەسلىم بولدى. بۇ ئۇرۇشتا بىر ئاپتومات، 5 تال مىلتىق، 2 ماۋزېر بىرمۇنچە ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن پاشلار ياڭخى كارىزغا قايتىپ كەلدى. كارىزدا پاشلار قوشۇنى ئىچىدىكى بىر بۆلۈم ئوقۇتقۇچىلارنى تەشۋىقات، تەمىنات ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن قايتۇرۇپ، قالغانلىرى سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشتى.

### 7 - سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلىش.

1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كۈندۈز سائەت 10 لار ئەتراپىدا تۇرپان پارتىزانلىرىدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەم غەرپ ۋە جەنۇپ تەرەپتىن سىڭگىم ئېغىزىغا ھۇجۇم قىلدى.

بۇ ھۇجۇمدىن ئىلگىرى مۇنداق ۋاقىئەلەر بولغان ئىدى. تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى مۇئاۋىن

تىلغان، 10 ـ كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى لۈكچۈن دۈيۇشما رەئىسى شىرۋەك قاتارلىق كىشىلەر ساقچى شۆبىسىگە كېلىپ شۆڭگەن ئىبراھىم رازىيوف بىلەن (بۇ ۋاقىتتا ساقچى باشلىقى زىرۋەك پىچانغا كەتكەن) قورال تاپشۇرۇش ھەققىدە سۆزلەشكەن. تاڭغا يېقىن ئىمىن شاڭجاڭنىڭ ئادەملىرى بىر دانە تەخسىلىك پىلىموت ۋە مىلتىقلار بىلەن يېتىپ كېلىپ ساقچى ئۆگزىسىنى ئىگىلىدى. لۈكچۈن ياشلىرى ئەتراپنى مۇھاسىرە قىلدى. ئىلاجىسىز قالغان ئىبراھىم رازىيوف ئەسكەرلىرىگە قورال تاپشۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىمىن شاڭجاڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن لۈكچۈن ياشلىرى بىرلىكتە ساقچىلاردىن 12 ـ تال مىلتىق، بىر دانە تاپانچا، 8 تال قىلىچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ساقچى شۆبىسىگە يېڭىدىن كىرگەن ياڭخې كارىز ۋە لۈكچۈن ياشلىرى بولۇپ 70 نەچچە ئادەم بىر دانە پىلىموت، 2 دانە ئاپتومات، 15 تال مىلتىققا ئىگە، قوراللىرى خېلى مۇنتىزىم كۈچكە ئايلىنىپ قالدى. قورال تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، ئاشلىق ئامبارغا ھېچقانداق زىيان زەخمەت يەتكۈزۈلمىدى. سۆزلىشىش ئارقىلىق مەسىلە ھەل بولغىنى ئۈچۈن بىر پاي ئوقمۇ چىقىرىلمىدى.

## 6 ـ تۆت سوقىمىغا ھۇجۇم

تۆت سوقىما بىر كارىز بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر بۆلۈك ئادەملەرنى 11 بېتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا

يېقىنلاشقان ياشلار پوتەيگە گىرانات تاشلىدى. دەسلەپتە گىراناتنى ئاتقۇچى گىرانات يېپىنى ئۈزۈۋېتىشنى بىلمىگەنلىكىدىن ئاتقان گىراناتلىرى پارتلىمىدى. كېيىن گىرانات ئېتىشنى بىلىدىغانلار بىر - ئىككى گىراناتنى پوتەيگە قارىتىپ ئاتتى، كۈندۈز ۋە كېچىدىكى جەڭلەردە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئوق تېگىپ ئۆلۈش ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇردى.

ياشلاردىن ئەبەيدۇللا روزى تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشقاندا دەل پوتەينىڭ تۆشۈكىنى نىشانلاپ ئاپتوماتتىن شىددەتلىك ئوق ياغدۇرغاندىن كېيىن گومىنداڭ تەرەپتىن ئوق ئېتىش ئومۇمىي يۈزلۈك توختىدى. ئاندىن ساق قالغان پوتەي ئۈستىگە بىر ئادەم چىقىپ، ئاق بايراق كۆتەردى. ئۇرۇش تەجرىبىسى بولمىغان ياشلارنىڭ بىرى دەرھال ئېتىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەنە ھەممە تەرەپتىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. جەڭ جىددىي داۋاملىشىۋاتقان 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 لاردا (كۈن يېڭى چىققان ۋاقىتتا) تۇرپان تەرەپتىن يەنى ئېغىزنىڭ غەربىي تەرىپىدىن نەچچە يۈز ئاتلىق قوراللانغان كىشىلەر ئاق بايراق كۆتەرگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. بۇلار توقسۇندىن كەلگەن ياشلار قوشۇنى بولسا كېرەك دەپ تۇرغاندا، ئۇلار يېقىن كېلىپ تۇيۇقسىز پىلىموتلىرىدىن، تەڭلا ئوق چىقىرىپ، ياشلارغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. كۆپۈنچىسى قورالسىز، تارقاق ئاممىدىن بولغان ئىنقىلابى ياشلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرگە قېچىشقا باشلىدى. بىر مۇنچىلىرى ئاپتومات ۋە پىلىموت ئوقلىرىدا قۇربان بولدى. تۇرپاندىن كەلگەن

ھاكىم باۋدۇن يۇسۇپ، تۇرپان ئۇيغۇر ئويۇشما رەئىسى ھېشىر كېرەم، ئابدىجېلىل سوجاگلار تۇرپان يېڭى شەھەر- سېپىلىدىن ئاغامچا بىلەن سىرىلىپ چۈشۈپ، ئاستانىغا كېلىدۇ. ئۇيەردە ئىنقىلابى ياشلاردىن رەجەپ توختى، ئابدۇل پەرىشا باشلىق 80 — 70 ئادەم 30 — 20 تال مىلتىق 2 دانە ئاپتومات بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ توپقا يەنە ئاتلىق، پىيادە ۋە قۇرالسىز ئادەملەردىن نۇرغۇنى قوشۇلدۇ. شۇنداق قىلىپ ئادەم سانى 300 دىن ئاشىدۇ. بايىقى ھوجۇم مۇشۇ 300 ئادەم بىلەن بولغان ئىدى.

ئىنقىلابى ياشلار ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا چىداپ، قاتتىق ھوجۇم قىلىپ ۋە قىستاپ زەربە بېرىپ، گومىنداڭ ئىستېھكامىغا يېقىنلاشتى. سائەت 4 — 3 لەر ئەتىراپىدا لۈكچۈن، پىچاندىكى ياشلىرى ئىمىن شاڭجاڭ قوماندانلىقىدا 100 دىن ئارتۇق ئادەم؛ 66 تال مىلتىق، 2 ئاپتومات، بىر تەخسىلىق پىلىموت ۋە گىراناتلار بىلەن قوراللىنىپ كېلىپ شىددەتلىك جەڭگە ئاتلاندى بۇ ۋاقىتتا پىچان ۋە لەمجىندىن ئۆرتەڭ ئېغىزىدىما يىغىلغان 200 دەك ئادەم چوڭ - كىچىك 40 تال قورال بىلەن كېلىپ سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلدى.

جەڭ جەريانىدا ياشلارنىڭ بەزىلىرى شەبەن تاشلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ياكى ئىشەك ئۈچۈلاقلىرىنى ھۆل قىلىپ پوتەينىڭ پىلىموت ئېتىۋاتقان تۆشۈكلىرىنى توساپ پىلىموت ئوقلىرىنى توختاتتى. لېكىن پارتلاتقۇچى بولمىغانلىقتىن پوتەيلەرنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. جەڭ كېچىچە داۋام قىلىدى. كېچىدە دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا

## 8. چىقتەمدىكى جەڭ

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پىچان ۋە چىقتەم ياشلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق ئادەم مەڭلىك باقى ئاسقال، نىياز ئالتۇنچى، رىبانوپ (ئورۇس)، ھۆسيىن مەتقاجىت، سولايمان بوجاڭلارنىڭ باشچىلىقىدا 7 قودۇق (چىڭچىڭزا) ئەتراپىدىكى بىر داۋاندا مەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، قۇمۇل تەرەپتىن كېلىدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تۇساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى. پىچان تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر ماشىنا گومىنداڭ ئەسكىرى پارتىزانلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن يوقىتىلدى. كەينىدىن كەلگەن 4 — 3 ماشىنا گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ئاپتومات ۋە پىلموتلۇق ئوت كۈچى پارتىزانلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. پارتىزانلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەڭدە سولايمان بوجاڭ، نىياز ئالتۇنچىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چىقتەم يېزىسىدىكى ياشلار ئەنخۇلدىكى قورغانغا ئورۇنلاشقان بىر لەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى كۆردى. ئالدى بىلەن ئۇلار بۆرە بۇلاق بەگنىڭ كارىزىدا چىقتەم قورغانغا ياردەمگە كېتىپ بارغان ئىككى تۆمۈر كوڭگا (بىرونىۋىك)غا تۇساپ زەربە بەردى.

گومىنداڭنىڭ ئەنخۇلدىكى قورغىنى خېلى مۇستەھكەم قۇرغان ئىدى. ئۇيەرگە ئاز كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىش مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا كۆكياردىكى پىچان ياشلىرى، سىڭگىم-

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئات چېپىپ سايلاردا قوغلاپ يۈرۈپ قورشاۋ ئىچىدە قالغان ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملەرنى ئاپتومات، مىلتىق بىلەن ئېتىپ ھەم قىلىچ بىلەن چېپىپ قانلىق قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىپ، 100 دەك ئادەمنى ئۆلتۈردى.

سىڭگىم ئېغىزىنىڭ شەرقى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان لەمجىن ۋە سىڭگىم ياشلىرى جىددىي ئۇرۇشۇۋاتقاندا، پىچان تەرەپتىن ماشىنا بىلەن گومىندا ئەسكەرلىرى قانچە پىلىموت- تىن ئوق ياغدۇرۇپ كېلىپ قالدى. لەمجىن ياشلىرىمۇ چېكى- نىشكە مەجبۇر بولدى. تۇرپاندىن كەلگەن گومىنداڭنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئېغىزنىڭ غەربىي ۋە جەنۇب تەرىپىدە ياشلارنى چېكىندۈرۈپ ئېغىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، شەرقى تەرەپتىكى لەمجىن ياشلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. پىچان تەرەپتىن كەلگەن گومىنداڭ قىسىملىرىدىن چېكىنگەن ياشلار ھەتتىنىياز دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا توپلىنىپ، مۇداپىئەدە تۇرغان ئىدى. تۇرپان قىسىملىرى قوراغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش ناھايىتى جىددىي بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادەم ئۆلۈش ئىشى كۆرۈلدى. شۇنداق قاتتىق قورشاۋ ئىچىدە قالغان جىددىي پەيىتتە كېرەم ھاپىز دۈشمەنگە ئالدى تەرەپتىن ئوت ئېچىپ، دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ بىر نەچچىسىنى ئولتۈرۈپ، قورشاۋ ئىچىدە قالغان ياشلارغا يول ئېچىپ بەردى. ئۇلار كۈچلۈك ئوق يامغۇرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتى. كېرەم ھاپىز ئۆزى يالغۇز قورا ئىچىدە قىلىپ ئېغىر يارلانغان بولسىمۇ. تەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ يەنە بىر نەچچە دۈشمەننى ئېتىپ ئولتۈرۈپ مەرتلەرچە قۇربان بولدى.

(نامىنى ئېنىقلاش ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئادىمى) ھەربىي تەلىم بېرىدۇ، ۋە پۈتۈن ياشلارنى 3 يىسىڭغا بۆلۈپ، ھەر يىسىڭغا 30 تالدىن قورال، 40 تالدىن گىراناتا تەقسىم قىلىپ ھوجۇم نىشانلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

شەرق تەرەپتىن ھوجۇم قىلىدىغان يىسىڭغا ئاۋۇت سوجاڭ غەربىي سەپكە يۆتكىلىپ تالىپ، جەنۇپ تەرەپتىن ھوجۇم قىلىدىغان يىسىڭغا ھەسەنجان، ھۈسەيىن مەتكاجىلار بەلگىلىنىپ، نەخول قورغىنىنى قورشاشنى باشلىدى. قورغان 3 قات سېپىل بىلەن قورشالغان. ئىچىدە بۇلاقتىن تارتىپ بار. ستراتېگىيىلىك گازارما ئىدى. ئۇنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم شۇڭا كۈندۈزى ھوجۇم قىلماي، كېچىسى ھوجۇم قىلىش پىلانلىدى. پارتىزانلار ئالدىن گازارمىدىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ جەۋار (ئۈندىغۇر شاڭيو) ئىسىملىك بىر خوييزۇنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزدى. گازارمىدىكىلەر جەۋاردىن ئەھۋالنى ئىگەللىۋېلىپ، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇ ئارىلىقتا قالماق شەھىرى (نەخولنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرەپتىكى قەدىمى شەھەر خارابىسى) تەرەپتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار كېچىسى ھوجۇم قىلىش پىلانىنى كۈندۈزگە ئۆزگەرتتى. ۋە دەرھال ھوجۇمغا ئۆتتى. قورغاننىڭ سېپىلىگە چىقىشقا شوتىلارنىمۇ تەييارلانغا تۇتۇش قىلىندى. دەل شۇ پەيتتە گومىنداڭ قىسىملىرى يېتىپ كېلىپ، غەربىي تەرەپتىن ھوجۇم باشلىدى. ئۇلار نۇرغۇن پىلىموت ۋە كىچىك توپلار بىلەن پارتىزانلارغا ئوت ئاچتى. بۇ قېتىم سان جەھەتتىن كۆپ، ستراتېگىيە جەھەتتىن ئەپلىك ئورۇنغا ئورۇنلىشىۋالغانىدى. غەربىي سەپتىكى پارتىزانلار باشقا

دىن چىقىنىپ خاندودا تۇرۇۋاتقان لەمجىن ياشلىرىغا ياردەم تەلەپ قىلىپ خەت بىلەن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ۋاقىتتا پەچان ياشلىرى ھەمدۇللا زايىت، يۈسۈپ تالىپ، نۇجا-نىياز ئابدۇل، نىياز سېتىنىيازلارنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆكيارغا توپلۇنۇپ، ئاۋۇت رەئىسىنى ئۇرۇش قىلىش مەسلەھەتچىلىككە، بەلگۈلەپ، ئۇرۇش تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە تۇرپاندىن گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ مەلۇم ساندا ئەسكىرى كۆچى لەمجىن تەرەپتىن پەچانغا قاراپ ماڭغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان پارتىزانلارنىڭ يېتەكچىلىرى دەرھال يىغىن ئېچىپ، پىچانغا ماڭغان گومىنداڭ-نىڭ بۇ قوشۇنىنى پىچان يولىدا توساپ، زەربە بېرىش قارارىغا كېلىپ، 390 پارتىزاننى ئاتلاندۇردى. ئۇلار پەچان - لەمجىن يولىدىكى تۇشۇك تاققا كەلگەندە، ئەسكەرلەرنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇدۇ. بۇ ۋاقىتتا پارتىزانلار-نىڭ بەزىلىرى، ئارقىدىن قوغلاش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇ، بەزىلىرى ئارقىدىن قوغلىغاندا، زىيانىمىز بەك چوڭ بولىدىغان-لىقى ئېھتىماللىقىنى سۆزلەيدۇ. نەتىجىدە كېيىنكى پىكىر پارتىزانلارنىڭ كۆپچىلىكىگە يېقىپ، ئۇلارنى قوغلىمايدۇ. پارتىزانلار كۆكيارغا قايتىدۇ.

شۇ ئارىلىقتا چىقتىمدىن ئەۋەتىلگەن ئادەم يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. كۆكياردىكى پارتىزان رەھبەرلىرى دەرھال 700 دەك پارتىزاننى چىقتىمغا ئاتلاندۇردى. ئۇلار كېچىچە يول يۈرۈپ، تاڭ ئاتقىچە چىقتىمدىكى مەھكىمىك باقى ئاسقالىنىڭ كارىزىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە قىسقا ۋاقىت ھەمسەنجىلان

ئازاتلىق، ئەركىنلىك ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن ھەر خىل سىياسى، ئىجتىمائى ۋە قوراللىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئۇلار تەشكىللىك، ھەققانىيەت ۋە ئادالەتلىك بولغان مىللى ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا قان كېچىپ كۆرەش قىلدى. مۇشۇ قان بەدىلىگە 11 بېتىمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن 11 بېتىمنىڭ روھىنى ھەقىقى ئىجرا قىلىپ، دۆلەتلا چىقىپ تېچلىقتا تەسىر يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىغا نىزا چۈشۈپ قىلمىغىدەك قىلمىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىنقىلابچىلار ناھايىتى ھوشيار تۇردى. ئۇلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن 11 بېتىمنى ھەقىقى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مۇنداق تەلەپلەرنى قويدى:

1. دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-ياساق ئازايتىلسۇن!
2. گۇمان بىلەن تۇتۇپ قامالغانلار قويۇپ بېرىلسۇن!

ساقچى ئورگانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار يوشۇتۇلسۇن.

4. دېھقانلار ۋە ياشلارنىڭ ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويۇلسۇن.
5. دېھقانلار ۋە ياشلار ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان قوراللارنى ئۆزلىرى تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنسۇن.
6. 11 بېتىمنى ھەقىقى ئىجرا قىلىنسۇن، ھەسسۇت رەئىسلىكتىن قالدۇرۇلسۇن.
7. ناھىيىدە ئەسكەرلەر كۆپ، ئالۋاڭ ئېغىر، ئەسكەرلەر ئازايتىلسۇن.

يۇقۇرقى تەلەپلەرگە ھۆكۈمەت پىسەنت قىلمىدى.

تەرەپتىكىلەر بىلەن ماسلاشقىچىلىك ئۇلگۇرالماي چېكىنىشكە توغرى كەلدى. گومىنداڭ قىسىملىرى شەرىققە ھۇجۇم قىلىشنى يۆتكىگەندە، ئۇ يەردىكىلەرمۇ چېكىندى. جەنۇب تەرەپكە ئىككى پىروۋىنسىنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەسكەر ھۇجۇم باشلىدى، بۇ يەردە بىر ئاز تىركىشىش بولدى. بىر پىروۋىنسىيەنىڭ زەخمىلەندۈرۈپ توختۇتۇپ قويدى. لېكىن پارتىزانلاردا ئوق ئاز قالغانلىقتىن بۇلارمۇ سوقۇشا-سوقۇشا چېكىندى. ئۇرۇشتا قاتنىشىپ چېكىنگەنلەردىن كۆپ قىسمى ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقاپ كەتتى. بۇ چاغدا مەتنىياز كېرىم، مۇھەممەت زاھىر قاتارلىق بىر قانچە پارتىزان، تارقىلىپ كەتكەن پارتىزانلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، 70 دەك ئادەمنى كۆكياردا جەم قىلدى. بۇ 70 ئادەم كۆكياردا بىر كۈن تۇردى. شۇ ئارىلىقتا چىقتىم ئۇرۇشىدا ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتكەن پارتىزانلار يەنە بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى ۋە ئۈرۈمچىدىن پارتىزان يىغىلىپ توپلاشتى. بۇ پارتىزانلار يول تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆرتەڭ دولاندىكىلەرگە قوشۇلۇپ، چالقان تېغىغا يۈرۈپ كەتتى.

## ۋ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باشلار ئىنقىلابىنى باستۇرۇشى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى يۈرگۈزۈپ كەلگەن قىرغىنچىلىقى ۋە دېھقانلارغا خالىغانچە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل سىياسىتىدىن ئىنتايىن قاتتىق تويغان ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقى

بولسىمۇ، ئۇلاردا قۇرال ياراقنىڭ ئازلىقى، يەنە كېلىپ يېتەر-
لىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولمىغانلىقتىن مۇنتىزىم قۇراللانغان ئەك-
سىيەتچى قارا كۈچلەر تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

ئىنقىلاپ ئوتى پەسەيگەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل خورلۇقى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئىنقىلابىي
تازىلاش، بېسىقتۇرۇش ھەركەتلىرىنى ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ
باردى. ئۇلار تاھىيىمىزنىڭ شەھەر، يېزىلىرىنىڭ ئۇلۇغ-
پۇشتاقلىرىغىچە، ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزدى. بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ
ھاياتىغا زامىن بولدى. مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ-تا-
لىدى، كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى. كىشىلەرنى
ئۆي ماكانلىرىدا تۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇردى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن مەمۇرىي ۋە ھەربىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھەر تە-
رەپلىمە ئىنتىقام ئېلىشقا كىرىشتى.

1 دېموكراتىك سايلامدا خەلق تەرىپىدىن سايلانغان يېزا
كەنتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ھەر
قايسى جايلاردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
كىشىلەرنى يەنە قايتا تىكلىدى. ئۇلار ھوقۇق تىكلىگەندىن
كېيىن خەلقنى قورقۇتۇپ، قاقتى-سوقتى قىلىپ، ساقچى
ۋە ئەسكەرلەر بىلەن ماسلىشىپ ياشلار مىنگەن ئات-ئۇ-
لاقلارنى تۇتۇش باھانىسى بىلەن نۇرغۇن مال-مۈلۈك
تۇپلاپ خوجايىنلىرى ۋە ئۆزلىرىنى سەمرىتىپ، ئىقتىسادىي
جەھەتتىن دېھقانلار ۋە ياشلارغا ناھايىتى زور ۋەيرانچىلىقنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۈچ ناھىيە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەرىكىتىدە مەسىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق قوغدالدى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىنىدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى، ئۇيغۇر مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنى باسىدىغان مىللەتچىلىك ئەھۋاللار سادىر بولمىدى. ئەكسىچە، بۆلگۈنچىلىك ئىشلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، گومىنداڭچىلار [illegible] ئولتۇراقلاشقان خۇيزۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ، پىچانغا قاچۇردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىنىۋاتقان ئەھۋالنى كۆرگەن سەككىز ئىتتىپاقچىلار دەرھال پۈتۈن لەمجىن خەلقى بىرلىشىپ ئىمزا قويغان بىر جىيەتنى يېزىپ، خۇيزۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تىنچ خاتىرجەم ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە تەلەپنامە بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ئىمىن موللا، بارات قالتۇنچىلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇلارنى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

لۈكچۈن ياشلىرى لۈكچۈندە ئۆزلىرى بىرگە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەنزۇلارنىڭ ھاياتىغا، خاتىرجەم تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاممىغا خەنزۇ ئەمگەكچىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ خەنزۇلارغىمۇ تەربىيە بېرىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ياشلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، باشقا مىللەتلەرگە قارشى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، ئەزگۈچىلەرگە قارشى ھەققانىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ھەققانىي كۈرەش شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ ئىشتىراك قىلغان كۈرىشى

ماجەمگۈي ۋاڭكەنچىلىك ماۋۇڭكو قاتارلىق خەلقنىڭ قان قەرزى بار كىشىلەرنى نىماھىيىلىك ساقچى ۋە شۆبىلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەپ، خۇيزۇ ياشلىرىنى كۆپلەپ ساقچىنىغا قوبۇل قىلىپ «جىسا تۈەن» بوجاڭلار بىلەن يېقىندىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىشپىيونلارنى ئىشقا سېلىپ، ياشلارنى تۇتۇپ قاماش، سوراق قىلىش ئىشلىرىنى جىددى ئېلىپ باردى.

ساقچى ئورگىنىدىن يۇسۇپ باقى، مۇھەممەت قاسىم، ئابلىمىت يۇسۇپ، ياشلاردىن ياسىن رېقىپ (مۇئەللىم) يۈسۇپ ناۋايى (ئاردا يوق) قاتارلىقلارنى تۇتۇپ قامىدى. سىيىت زور (چۇۋانىقىر) مەڭياز كاسىپ، مەتنىياز شەلەڭىزە قاتارلىق نۇرغۇن ئادەملەرنى (90 دىن ئارتۇق) شۆبە ساقچىلارغا سولاپ، ناھىيەگە ۋە تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بېرىپ بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يەتكۈزگەن) ئۇلارغىمۇ قاماق جازاسى بەردى. لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى جاللات ۋاڭكەنچىلىك ياشلارنىڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچىسى يۇسۇپ ئالىپنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تۇر كارىزدا ئولتۇرۇپ بېشىنى كېسىپ لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ ئالدىدىكى رىشاتكىغا 3 كۈن ئېسىپ قويدى. ئۇ بۇنى ئاز دەپ باشنى پىچان بازىرىغا ئېلىپ كېلىپ چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى قارا ياغاچنىڭ شېخىغا يەنە 3 كۈن ئېسىپ قويدى. ۋە ساقچىدا تۇتۇپ قاماپ قويغان ياشلارنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

4. پىچاندىكى بىر روتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ياردەملىشتۇرۇش ئۈچۈن مالىنسوڭ، كامار جۇيجاڭلار تۇرپاندىن يەنە چۇۋدىجۇن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كەلدى. قومۇل ۋە دورى ناھىيىلىرىدىن پىچانغا قوشۇن يۆتكىدى. لۈكچۈن لەم-

2. ناھىيىدە قورچاق ناھىيىلىك خۆكۈمەتنىڭ قولىدىكى گومىنداڭ يېڭى ۋەسىيىنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى «جىساتۇەن» نى قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا نۇھ ئەبەيتىنى باشلىق، بەكرى ئەلىمىنى مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بېكىتىپ 11 كىشىلىك ئىشتاتلىق ئورگان تەسىس قىلدى. بۇ ئورگاننىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر بىر رايون، يېزىلاردا زۇڭجىما، باۋجىما، ھەر جايدا (10 نەپەر ئادەم) مىسلى دېگەن ناملار بىلەن ئادەم بېكىتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەخپىي ئاگېنتلارنى تەربىيىلەپ بېكىتكەن. ھەممىسى لەمجىن، چۇۋانقىر يېزىسىدىلا «شاپتول»، «كاگىي»، «خوپىلىك»، «دوتو» قاتارلىق مەخپىي ئىسىملار قويۇلغان ئىشپىيونلاردىن 38 نەپىرى بولغان. ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تونۇشۇنداق ئىشپىيونلۇق تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ياشلارنى تىزىملاش، قورال - ياراقلارنى تىزىملاش، ياشلار مىنگەن ئاتلارنى تىزىملاش، خەۋەر يەتكۈزۈش، ياشلارنى تۇتۇپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ تىزىملاپ بەرگەن ئادەملىرى 310 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىدىكە جازا بېرىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ياشلارنى ئۆلتۈرۈش، جازالاش ئىشلىرىغا ئۈلگۈرەلمىدى. خالىق ھەمدۇل، ھەمدۇللا سۇلتان، ھوشۇر باي، ئەبەيس ھادىق، ھەمدۇل قارى قاتارلىقلار تۇتۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بەزىلىرىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. 90 تالدىن ئارتۇق قورال - ياراقنى، نۇرغۇن ئاتلارنى يىغىۋالدى.

3. قورچاق ناھىيىلىك ساقچى ئورگىنىنى ۋە يېزىلاردىكى ساقچى شۆبىلىرىنى قايتا قۇرۇپ، ماجىڭگويغا ۋاكالەتچىلىك،

ھالەت يۈز كۆرگۈزۈپ، تۇرمىدە قامىلىپ ياتقان خېلىل ئىبراھىم (ماناۋىن ھاكىمى)، ھەبىبۇللا ئامىرى (ھۆكۈمەت باش كاتىپى) يۈسۈپ باقى (ناھىيىلىك ساقچى تەپتىش)، مۇھەممەت قاسىم (لەمجىن ساقچى شۆبىسىنىڭ باشلىقى)، ئابلىمىت يۈسۈپ لەمجىن ساقچى باشلىقى زىپەرخۇر ناھىيىلىك ساقچى خادىمى)، ياسىن رىقىپ (ئوقۇتقۇچى)، ئېلى پۇلات (لۈكچۈن ساقچى جەڭچى)، ئۆمەر ھەسەن (ناھىيىلىك ساقچى جەڭچى)، ھۆشۇرناي (پىچان ماچاڭلىق دېھقان)، مەڭلىك باقى ئاسقال (پىچان چىقتىملىق دېھقان)، بارات ئاخۇن (ناھىيىلىك ساقچى خادىمى)، ھامۇت (پىچان قاغاتورلۇق دېھقان)، سىيىت ھامۇت (پىچان خاندۇلۇق)، ئىمىن ئېلى (پىچانلىق دېھقان) قاتارلىق 15 نەپەر ئىنقىلابچىنى پىچان شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى غىرلدا فىلمونت بىلەن ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلمىغان ۋەھشى قانخور جاۋىيىنجاڭ تا-پانچىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم يەنە بىر قېتىمدىن ئېتىپ چىققان.

يۈسۈپ ناۋايغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، يەرلىككە تاپشۇرۇپ بەردى. چىقتىمدا ۋاڭيىنجاڭ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ۋە يولدا كېتىۋاتقان بىگۇنا كىشىلەرنى تۇتۇپ، ئۆز ئادىمى ۋاڭپەيجاڭ، چىقتىملىق توختى چىماي، ۋاڭئاسىر (خۇيزۇ) لارغا بۇيرۇق بېرىپ، باققىدىكى كونا كارىزنىڭ قۇدۇغىغا ئەرشىدىن باشلىق 18 نەپەر كىشىنى بوغۇزلاپ تاشلىۋەتتى. ھەتتا چىقتىمدىن پىچانغا ئوتۇن تارتقىلى كېلىۋاتقان دېھقان ئاياللىرىنى يولدىلا ئېتىپ تاشلىغان. ئۇنىڭدىن باش-قا پىچاندىن ئابدۇشۈكۈر قارى، ئابدۇخالىق ھەمدۇل، يۈسۈپ تۇردى، لۈكچۈندىن ھەمدۇل قارى، ئەنەس سادىق، يولۋاس

جىن قاتارلىق جايلاردا بىروتتىدىن، بىر ئۈزۈتتىچە ئەسكەر
تۇرغۇزۇپ، رايون، يېزا، تاغلارغىچە كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش،
تازىلاش ئېلىپ باردى. ناھىيىمىزدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى-
نىڭ روتا كوماندىرى ۋاڭ رېن ياۋ، چاۋدىنخىلارنىڭ باشچى-
لىقىدا قورچاق ناھىيىلىك ساقچىدىن ئۆتكۈزۋالغان 16 نەپەر
ئىنقىلابچىنى ياڭ فامىلىلىك كىشىنىڭ تەرجىمانلىقىدا ئىنتايىن
قاتتىق سوراق قىلىپ، قىستاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان
ۋەھشىيلىكلەرنى قىلغان. مەسىلەن، مۇئاۋىن ھاكىم خېلىل
ئىبراھىمنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەممىسىگە قومۇچ مىق قاققان.
جان يېرىگە قىل تىققان، ئۇزۇن بەندىگە تىزىدىن يوتىسى-
غىچە باغلاپ پۇتىغا 7 گىچە خىش قىستۇرۇپ، ماگاللىماس
قىلىپ، ئۆمىلەپ ماڭىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بەدى-
نىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىپ، «ئەخمەت ئەپەندى نېمە
دېدى؟ نېمە قىلماقچىدىڭلا؟»... دەپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى
رەھبەرلىرىگە چېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىقرار
قىلدۇرماقچى بولغان.

گومىنداڭ جاللاتلىرى ئىنقىلابچىلارنى ھەرقانچە قىيىنى-
سىمۇ «بىلمەيمەن» دىن باشقا جاۋاب ئالالمىغان. يۈسۈپ
باقى، ياسىن رېقىپ قاتارلىق شىر يۈرەك ئىنقىلابچىلار
زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۆرمە تاملىرىغا قېنى بىلەن
شېئىر ۋە شوئارلارنى يېزىپ ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىش ئىرا-
دىسىنى كۆرسەتكەن. ئىككى قولى ياشلارنىڭ قىزىل قېنى-
بىلەن بويالغان جاللاتلار ئىنقىلابچىلارنى بويسۇندۇرالمايدى-
غانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يىرتقۇچلارچە قىياپەت بىلەن 1947
- يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەتىگەندە شەھەردە ھەربى

ئائىلىنى خاناۋەيران قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى
بەرمەي زىيالىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا
چۈشۈرۈپ قويدى. سىياسىي جەھەتتە كەمسىتىپ، جەمئىيەتتە يامان
كىشىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى.

6. ياشلارغا ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن «مىلتىق تۇ-
تۇپسەن»، «ئات مىنىپسەن» دېگەندەك بوھتانلارنى چاپلاپ،
مىنگەن ئاتلار ئىگىسىگە قايتۇرۇلغان تۇرۇقلۇق ئېغىر باھا-
دا تۆلەك تۆلىتىپ، نۇرغۇنلىغان ياشلارنى كۈن كۆچۈرەلمەس
قىلىپ قويدى. بەزىلىرى يۇرتىنى چىقىپ كېتىپ، ئۆي -
ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، ھازىرغىچە كېلەلمىگەنلەر بار.
يىغىپ ئېتىقاندا دېرەكسىز يوقالغان، ئاشكارا ئۆلتۈرۈل-
گەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە شۇ ھەرىكەت سەۋەبى بىلەن
ئېغىر ئىقتىسادىي چىقىمغا ئۇچرىغانلارنىڭ يۈرىكىدە ساقاي-
ماس جاراھەت قالدى. 3. ناھىيىدە بولغان ياشلارنىڭ زۇ-
لۇمغا قارشى ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بار-
غان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى جەريانىدا قۇربان بولغانلار ۋە
ھايات قالغانلار ئۆزىنىڭ ۋەتەن ھەم خەلق ئالدىدىكى شە-
رەپلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى.

غوجەك، تۆر نىياز قاغا قاتارلىق 17 كىشىنى گومىنداڭ تۇتۇۋېلىپ، ئىزسىز يوقۇتۇۋەتتى.

چىقتىم، تاغ يولى، يەلچى، ئۆرتەڭ ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، شانىياز توختى (ئوقۇتقۇچى) توختى كېگىزچى، ئابدۇل تاھىر، سېتى مەگلىك قاتارلىق 7 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە شانىياز توختىنى ئاتقاندىن تاشقىرى بېشىغا قىلىچ چېپىپ تونۇغۇسىز قىلىۋەتكەن. ئۇمۇمەن گومىنداڭ جاللاتلىرى ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزدىن 80 نەپەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ توكۇمەس قان قەرزگە بوغۇلدى. ئۇنتۇلغۇسىز دەرت ئەلەم ۋە ئۇنتۇلماس ئىنتىقام ئورۇ-غىنى چاچتى.

يەنە ياشلار ئىنقىلابىدا، ياشلارنى ۋە ئاممىنى تەربىيە-لىگەنلەرنىڭ كۆپۈنچىسى مائارىپچىلار ئىدىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلۇق ۋەزى-پىلىرىنى ئۆز ئادەملىرى — جاھىل، مۇتەئەسسىپ شاڭجاڭ، جىنجاڭ، باۋجاڭلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئىنقىلابقا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلاپ چىقاردى. بەزى مەكتەپلەرنى ئەسكەر-نىڭ ئاتخانىسىغا ئايلاندۇردى. مەكتەپلەرنى تاقىدى ياكى ئوقۇتۇشنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرمىدى. ئەسلىگە كەلتۈرۈل-گەنلىرىنى ياخشى باشقۇرماي ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا چوڭ بۇز-غۇنچىلىق قىلدى. «مىللەتلەرنىڭ نەسلىداش ئۇرۇقى» دېگەن سەپسەتىنى بازارغا سېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ھەپتىسىگە 12 سائەت خەنزۇچە دەرس كىرگۈزۈپ، ئاشكارا ھالدا مىل-لەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، مىللى ھاك

بوپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇيىنى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي» — دەپ ئەشۇ يىللاردىكى ۋەقەلەرنى سۆزلىدى. بىز بۇ ئىشلارنى پىچان دىيارىدىن ھالقىپ كەتسىمۇ، ۋەقەلەر پىچانلىقنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەر بولغىنى ئۈچۈن بىر تارىخىي ئەسلىمە سۈپىتىدە يېزىپ چىقىپ، نەشرگە تەييارلىدۇق.

## پىچان ۋە تۇرپاندىكى ئۇرۇش

1930 ۋە 1931 - يىللىرى قۇمۇلدا غوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۇنىڭ مىلتىق ئاۋازى، پىچان، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق 3 ناھىيىدە دەرھال تەسىر قوزغاپ، خەلقنى ئويغاتتى. بۇ 3 ناھىيە خەلقى غوجىنىياز ھاجى رەھبەرلىكىدىكى دېھقانلار ئىنقىلابىغا قىزغىن ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى ئاكتىپ قوللىدى. چۈنكى جىنشۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىماقتا ئىدى. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىدىكى كىشىلەر يەرلىك ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ۋە تەقىپ قىلىشىغا قارىماي، قوزغىلاڭغا ئۈندەيدىغان «ئاچىل» ناخشىنى جاراڭلىق ياڭرىتىپ، قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى ۋە ئىنقىلابنىڭ باتۇر، ئەزىمەت جەڭچىلىرىنى قىزغىن كۈيلىدى. غوجىنىياز ھاجىنى يولباشچى، نىجاتچىمىز دەپ، داھىي سۈپىتىدە ئۇنىڭغا سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ دىدارىغا تەلمۈردى.

ئەينى شۇنداق كۈنلەردە خەلق ئىچىدە «ھاجى پىچانغا چىقىپتۇ» دېگەن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تارقاپ، بازار رە-

# پىچان ھەم باشقا يەرلەردىكى ئۇ- رۇش ۋە سىتتىنىياز لەنجاڭ

ئىيىپ پولات

1986 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل (دېھقانلار) ئىنقىلا- بىنىڭ پىچاندىكى تەسىرى ۋە پىچاندا بولغان ئىنقىلابىي ھەر- كەتلەرنى بىلىش ئارزۇسىدا، شۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلابنىڭ پى- چاندىن تا قەشقەرگىچە، ھەتتا ھىندىستانغىمۇ، مەخمۇت سىجاڭغا ھەمرا بولۇپ بارغان، كېيىن ئانا ۋەتەننىڭ ئەزىز تۇپرىقىنى تۇتىيا بىلىپ قايتىپ كەلگەن سىتتىنىياز لەنجاڭنى زىيارەت قىل- دۇق. سىتتىنىياز لەنجاڭ ھېلىمۇ تېتىك ۋە ساغلام ئىكەن. ئۇنىڭ خاتىرىسى كىشىنى خېلىلا قايىل قىلىدۇ. ئۇ ھەممە نەر- سىنى ئېسىدە ساقلىغان

پىچاندا باش يېغى ھەققىدە گەپ تولا. كىشىلەر چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرنى ۋە ئۆز ياشلىرىنىمۇ مۇشۇ يېغىلىقنىڭ ئالدى- كەينىدىكى يىللار بىلەن ئۆلچەيدۇ.

بىز سىتتىنىياز لەنجاڭغا شۇ نۆۋەتتىكى ئىنقىلاب ئەھۋالى- نى سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. ئۇ دېدى: ۋەقەلەر بوپ ئۆتكىنىگە 57 - 58 - يىل بولدى. تا ھازىرغىچە بۇ ئىش- لار مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆزەم قاتناشقان. ھازىر يېشىم چوڭىيىپ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەۋلادلارغا ۋە تارىخچىلارغا ئاز - تولا ياردىمى

قوراللىنىپ، تۆمۈر يىڭنىچالىق، سوپى يىڭنىچاڭلارنىڭ قوماندانلىقىن-
دا پىچان بازىرىنى ئېلىشقا ئاتلاندى.

پىچان بازىرىدا تۇرۇۋاتقان روس ئەسكەرلىرى، چېكىنىش-
تىن قېچىپ كەلگەن ئەسكەرلەردىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئەتراپلىق
ئۇرۇش تاكتىكىسىنى تۈزۈپ «شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش»
ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ئاندا ـ ساندا ئوق چىقىرىپ قويۇپ،
شەھەر سىرتىغا چىقىۋالىدۇ. دۈشمەننىڭ بۇ ھىيلىسىدىن بىخە-
ۋەر بىرلەشمە قوشۇن ئۇلارنىڭ چېكىنىشىدىكى غەلىبە خۇشاللى-
قىدا غالىبانە قىياپەتتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە بوش قالا-
دۇرۇلغان شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن شەھەر-
نى سىرتتىن قورشايدۇ. نەتىجىدە بىرلەشمە قوشۇن بىلەن روس
قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ۋە شىددەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ.
بۇ ئۇرۇشتا بىھۇدە زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى سېزىپ يەتكەن
بىرلەشمە قوشۇن روس ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى باتۇرلۇق
بىلەن بۆسۈپ چىقىپ پىچاننىڭ غەرب تەرىپى (60 كىلومېتىر) لۈك-
چۈنگە چېكىنىدۇ. روس ئەسكەرلىرى شەھەرگە قايتىدىن كىرىپ،
ياۋۇزلارچە دەھشەتلىك، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش، ئوت قويۇش
ھەركىتىنى باشلايدۇ. ئۇلار بۇ ئىشلاردىن سىرت بىگۇناھ خەلق-
لەرگە قانلىق قىرغىنچىلىق قىلىدۇ. ئەر كىشىلا بولسا، ئىز-
دەپ يۈرۈپ ۋەھشىلەرچە چاپىدۇ، ئاتىدۇ. شەھەر ئىچى ئۆ-
لۈك بىلەن تولىدۇ، ھەتتا ئوغۇل بوۋاقلارمۇ ئۇلارنىڭ نەي-
زىسىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ.

ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى بۇ شىددەتلىك جەڭ خە-
ۋىرى قارغوجا، ئاستانە ۋە تۇرپانغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ جاي-
لاردىكى خەلقلەر دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، ئۆزلىكىدىن قوز-

تىلىرىدە، يېزا قىشلاقلاردا، مەسچىت مەدرىسىلەردە، مەھەللە-
كويلەردە، ئېتىز - ئېرىقلاردا ھاجىم ۋە قۇمۇل يېغىنى (ئىن-
قىلابى) ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر خۇددى باھار ئاپتىۋىدەك
كىشىلەر قەلبىگە نۇر بەرمەكتە ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، تېخى
ھاجىم پىچانغا يېتىپ چىقمىغان ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا
پىچان ناھىيىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چىقتىم يېزىسىغا 1932-
يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى تۆمۈر يەڭجاڭ (پىچان ياڭخى
كەنتىدىن)، سوپى يىڭجاڭ (خەيزۇ) باشچىلىقىدىكى 50 نە-
پەر ھاجى ئەسكەرلىرى كەلگەن ئىدى. ھاجىمنىڭ بۇ ئەسكەر
لىرى چىقتىم يېزىسىنىڭ نەنخۇل كەنتىگە كەلگەندە، شىڭشى-
مەي ئېۋەتكەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ چارلاشقا چىققان
بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرىگە دوقۇرشۇپ قېلىپ، توقۇنۇشۇپ قالىدۇ.
ئۇرۇش جەريانىدا روس ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي،
پىچان ناھىيە بازىرىغا قاراپ چېكىنىدى. شۇ ۋاقىتتا پىچان
بازىرىدا روسلارنىڭ بىر باتالىيون ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى.
بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەلق يېزىمۇ - يېزا ئات چاپ-
تۇرۇپ يۈرۈپ: «ھاجى قۇمۇلدىن ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار
چىقتىمغا چارلاشقا چىققان روس ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ
پىچان بازىرىغا يۈرۈش قىپتۇ. مۇسۇلمان بولساڭ جەڭگە تەي-
يارلان، ئۆلسەڭ شېھىد، قالساڭ غازى» — دەپ خەۋەر تا-
قاتتى. قۇمۇلدىن كەلگەن كىشىلەرمۇ «بىزنى ھاجىم ئەۋەتتى»
دەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.
شۇنداق قىلىپ، پىچاندىكى ھەر ساھە كىشىلىرى چىقتىمدا قۇ-
مۇلدىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار بىلەن قوشۇلۇپ، 200 دەك ئا-
دەم ئۆزلىرى تەييارلىغان ھەر خىل قورال ياراقلار بىلەن

شىۋە- سۇلاي ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىدىن تۇرپان ئاستانىگە كې-
لىپ، زوراۋانلىق يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقچى بولدى. بۇنى كۆر-
گەن يەرلىك خەلقلەر قېرى، ياش، ئەر، ئايال، دېمەي، قو-
لىغا نېمە چىقسا شۇنى قورال قىلىپ، تاياق - توخماق، ئو-
غاق، پالتا كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇر - ئۇرغا سېلىپ، ئۆلتۈردىغىنى
ئۆلتۈرۈپ، قوغلايدىغىنىنى قوغلاپ، سۈر توقاي قىلىپ شىددەت-
لىك ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. مەخمۇت سىجاڭمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تې-
پىپ، دەرھال 100 نەپەر ياشنى خەلققە مەدەت ۋە ياردەم
بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ ياشلار خەلق بىلەن بىرلىشىپ، باسقىن-
چىلارنى يوقىتىدۇ. شۇ نۆۋەتتە ئاستانە ئاۋاتقا قېچىپ بېرىپ
يوشۇرۇنۇۋالغان 7 نەپەر شىۋە- سۇلاي ئەسكىرى تىرىك قولغا
چۈشىدۇ.

لۈكچۈن بازىرىدىكى جەڭدىن كېيىن تۇرپان قارىخوجا
ئاستانىغا كېلىپ، دەم ئېلىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇن «ئۈرۈم-
چىدىن 1800 ئاتلىق ئەسكەر تۇرپانغا كېلىۋاتىدۇ»، — دې-
گەن خەۋەرنى ئاڭلايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قوشۇن قو-
ماندانلىق شتابى پۈتۈن قوشۇندىكى قوزغىلاڭچى جەڭچىلەرگە
ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇش بۇيرۇقىنى
چىقاردى. 100 نەپەر باتۇر، شىر يۈرەك ئەزىمەتتىن تەركىپ
تاپقان زەربىدار چارلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، چارلاش، كۈزى-
تىش، ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن ئۈرۈمچى تەرەپكە يولغا سال-
دى. بۇ چارلىغۇچى زەربىدار ئەترەت تۇرپاننىڭ يول ئۈس-
تىدىكى «كىندىك» دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت ئالدىن-
غا ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئىككى نەپەر ئالدىنقى
چېرىسىغا ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ئايغاقچىلار ئەھۋالنىڭ چاتاق-

غۇلۇپ ۋە تەشكىللىنىپ پىچانغا سەپ تارتتى. ئۇلار پىچانغا
كېلىپ كۆردىكى ياروسلار، ياكى بىرلەشمە قوشۇننىڭ ھەر ئىك-
كى تەرەپ قىسىملىرى يوق. غەلبە قىلغان رۇس قوشۇنلىرى
پىچاندىكى قىرغىنچىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىرلەشمە قوشۇننىڭ
كەينىدىن لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلىپ، لۈكچۈن بازىرىنى مۇھا-
سىرە قىلدى. بىرلەشمە قوشۇن بولسا، لۈكچۈندىن 30 كىلو-
مېتىر يىراقلىقتىكى «دىغار» يېزىسىغا چېكىندى. تۇرپاندىن
پىچانغا ياردەمگە كەلگەن پارتىزانلارغا مەخمۇت سىجاڭ، تۆمۈر
سىجاڭلار (توقسۇندىن تۇرپانغىچە ئىنقىلاپچىلارنى باشلاپ كەل-
گەن كىشى) قوماندانلىق قىلغان ئىدى. ئۇلار ئەھۋالدىن خە-
ۋەر تېپىپ دىغار يېزىسىغا بېرىپ، بىرلەشمە قوشۇن بىلەن
بىرلىشىپ، لۈكچۈننى مۇھاسىرە قىلىپ ياتقان ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىغا
قارشى ھۇجۇمغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا لۈكچۈن بازىرىدا
تۇرۇشلۇق سەندارىن (مادا خەنزە) - 300 دەك ئەسكىرىنى
ئىشقا سېلىپ، رۇسلار بىلەن بىرلىشىپ، لۈكچۈن بازىرىدا-
خۇددى پىچان بازىرىدىكىگە ئوخشاشلا فاشىستلىك قىرغىنچىلىق-
نى ئېلىپ باردى. شۇ نۆۋەتتىكى بۇلاڭ - تالاڭ، ئوت قو-
يۇشتا لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى (ئىنگىز ئوردا) كۆيدۈرۈپ تاش-
لانغان. بۇ قەبىھ ئىشلار يۈرگۈزۈلۋاتقاندا. مەخمۇت سىجاڭ قو-
ماندانلىقىدىكى قوشۇن خۇددى يولۋاستەك ھۇجۇمغا ئۆتتى.
بىر مەيدان قاتتىق جەڭ بولدى. بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈش-
مەن پىچانغا قاراپ قاچتى. غەلبە قىلغان بىرلەشمە قوشۇن
قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاستانە يېزى-
سىغا كەلدى.

لۈكچۈندىكى ئۇرۇش جىددىي بولۋاتقاندا، 120 ئاتلىق

ھەم پوپوزا قىلىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارغا دەرۋازىنى ئاچقۇزىدۇ. شەرقىي دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان 30 نەپەر ئەسكەرگە (بۇلارمۇ ئۇيغۇر) ھەم شۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان يېڭى شەھىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ. مەخمۇت سىجاڭ قوماندانلىقىدىكى پۈتۈن قوشۇن تۇرپان يېڭى شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ بولىدۇ. ھەممە جىددى ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. تاڭ ئاتار ۋاقتىدا گۇچۇڭدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن 2100 نەپەر ئەسكەر ئۇچرىشىپ، شەھەرنى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. بۇ دەل قەھرىتان سوغاق بىر مەزگىل ئىدى. بۇ يىلقى قىش تۇرپان زېمىنىدا 40 كۈن قار يېغىپ، ئالاھىدىراق كەلگەن بىر قىش ئىدى. تۇرپاننىڭ قۇرغاق جاھانىنى قار - مۇز قاپلىغان ئىدى. بۇنداق سوغۇق قىشلىق شامىلى خۇددى يىڭنىدەك سانچىلاتتى. سوغۇققا كۆنۈپ قالغان تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ئۈچۈن قالقان، دۈشمەن ئۈچۈن تەبىئەتتىن كەلگەن ئەجەللىك قاپقان بولدى. ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ۋە جىددى جەڭ بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەپچىللىك بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، شىددەتلىك زەربە بېرىشى ۋە سوغۇقنىڭ تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى تۈپەيلىدىن ئىككى ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن تەسلىم بولۇپ، قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇن 2000 تالدىن ئارتۇق قورال - ياراق، ئوق - دورا ۋە باشقا ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. جىن شۇرېن ۋە شىڭ شىسەي باندىتلىرىنىڭ فاشىستىك ياۋۇزلۇقى مۇشۇ ئۇرۇش غەلىبىسى بىلەن تېخىمۇ ئاشكارلاندى.

لىغىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال قاچتى. چارلىغۇچى قوشۇن ئۇلارنى قوغلاپ «توغرى سۇ» دېگەن يەردە تۇتۇۋالدى، بۇ ئىككى ئايغاقچى سوراق جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تۇرپانغا يارلىق ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ، يارلىقنى تاپشۇردى. يارلىقتا قوزغىلاڭچى قوشۇننى «يوقىتىش» ھەققىدىكى بۇيرۇق تۇرپان گارنىزونىغا بېرىلگەن ۋە ياردەمگە ئەسكەر بارىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنى كۆرگەن چارلىغۇچى ئەترەت جەڭچىلىرى بەكمۇ غەزەپلىنىپ، شۇ يەردىلا ھېلىقى ئىككى ئايغاقچىنى ئېتىپ تاشلايدۇ، زەربىدار ئەترەت چارلاشنى توختۇتۇپ، ناماشام ۋاقتىغىچە ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ئەسكەرلەرنى كۈتۈدۇ. لېكىن ئۇ ئەسكەرلەر يېتىپ كەلمەيدۇ. شۇ پەيتتە زەربىدار ئەترەتكە قوماندانلىق شىتابى «دەرھال شاپتۇللۇققا كېلىڭلار!» دېگەن بۇيرۇق كېلىدۇ.

شاپتۇللۇق كوچۇك — جىمسارغا بارىدىغان تاغ يولىدىكى بىر كىچىك ئۆتەڭ بولۇپ، 300 چە ئەسكەر گۇچۇڭدىن تۇرپانغا كېلىۋاتقان ئىكەن. زەربىدار ئەترەت شاپتۇللۇققا كېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشۈپ، جاھاننى تۈن قاراڭغۇسى قاپلاۋاتقان ۋاقىت ئىدى. زەربىدار ئەترەت بۇ 300 ئەسكەر بىلەن ھېچ قانداق توقۇنۇشمايدۇ، ئالدىن كۆزۈتۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچى ھەمدۇللا داموللام ئەھۋالنى سەگەكلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، تاكتىكىنى ئۆزگەرتىپ، تۇرپان شەھرىگە كېچىلەپ يۈرۈش قىلىدۇ. سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا كېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان 30 نەپەر ئەسكەرگە (ئۇلار ئۇيغۇر ئىدى) ھەم نەسىھەت،

قوشۇن» دەپ نام بېرىلدى. بىلەكلىرىگە قىزىل، ئاق يەڭ
بەلگىسى تارقىتىلدى. بۇ خىل بەلگە تاقىغانلار ھەر قانداق
ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇلار يولۋاستەك دەھشەت
بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى، شىددەتلىك زەربە بېرىپ دۈشمەن
سېپىنى قايچىدەك يېرىپ ماڭاتتى.

تۇرپاندىكى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئۇرۇمچى،
كۇچا-ئۇچلاردىن كەلگەن قىسىملار بىلەن يېڭى شەھەردىكى
چىڭ شورىن قوشۇنلىرىنى بىراقلا يوقۇتۇش بىلەن ئاخىرلاشتى.
كونا شەھەردە جىڭ شورىن نىڭ يەنە 1000 دىن ئارتۇق
ئەسكىرى كۆچى بار ئىدى. ئۇلار جاھىللىق بىلەن تىركىشى-
ۋاتاتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇنغا ئوق ياغدۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىپ
تۇراتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇنمۇ كونا شەھەرگە شىددەتلىك
ھۇجۇمنى بىرازمۇ توختاتمىدى. شۇنداق بىر جىددىي ئىشلار
مۇ بولدىكى، قوزغىلاڭچىلار شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويسا،
تۇرۇشاۋدىكى ئەسكەرلەر ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ
ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. لېكىن شەھەر
ئىچىدىكى دۈشمەن قىسىملىرى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنغاچقا،
سىرتتىن كېچە-كۈندۈز ئارام بەرمەي، ئوققا تۇتۇش ۋە
ھۇجۇم قىلىش ئۇلارنى چارچىتىپ، ئىرادىسىنى بوشاتتى.
ئاخىرقى جەڭ قاتتىق بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى.
جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن جىڭ شورىن قوشۇنى ئاخىرى
تاڭ ئاتقاندا ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولدى. 1000
دىن ئارتۇق ئەسكەر قورال تاپشۇردى. تۇرپان كونا شەھەر
قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ، تولۇق ئازات بولدى.

تۇرپاندا بولغان بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇش زالىم جىڭ

مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇلار غەلىبە قىلىپ، قامالغان تۇرپان خەلقىنى توغراش ئۈچۈن 7 ھارۋىدا ئېلىپ كەلگەن 70 جادوبەر قولغا چۈشتى.

جىلق شوۋزىنى شىلىق سەنسەيلەر ئېيتىدىغان قەبرە، ئۆلتۈرىدىغان رەزىل ... ھە! بۇنداق زور مەغلۇبىيەت ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولغىيتتى! جىلق شوۋزىن قوشۇنلىرى مۇشۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا 100 ھارۋىدا كەلگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى تۇرپان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى: مەخمۇت ئىسجاڭ.

تۇرپان قىسىملىرىغا: ھەمدۇللا داموللا.

ئاستانە قارغوجا قىسىملىرىغا: تاشپولات تۇەنجاڭ.

پىچان قىسىملىرىغا: ئىبراھىم تۇەنجاڭ.

...لار قوماندانلىق قىلدى. بۇ قوماندانلار ئۆز يۇرتلىرىدىن كەلگەن جەڭچىلەرگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە ھەر قايسى قىسىملار ئۆز-ئارا يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، بىر تۇتاش قوماندانلىققا قەتئىي بويسۇندى ۋە كۈچلۈك ئىنتىزام تۈزۈم ئورناتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى يوقىرىدا دېيىلگەن ئىدى. ھەقىقەتەن بۇ ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى پۇختا ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پۈتۈن قوشۇننىڭ جانبازلىرىنى تاللىتىش ئۈچۈن 200 نەپەر ھەربىي چەۋەنداز ياشىنى پىدائىيلار قوشۇنى قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇلارغا زەربىدار

كېلىپ، قوشۇننى رەتلەپ، 2 - قەدەمدە پىچانغا يۈرۈش قىلىپ، رۇس باندىتلىرىنى يوقاتماقچى ئىدى. مۇشۇنداق قىلىشلا دېھقانلار ئىنقىلابىغا پايدىلىق دەپ قارالغانىدى. چۈنكى تۇرپان ستراتېگىيىلىك ئورۇن، ئەگەر مۇشۇجاي ئىنقىلابچىلارنىڭ مۇستەھكەم قورغىنى بوپ تۇرسىلا، پىچاندىكى باندىتلارنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىسى تولۇق ئۈزۈلەتتى. ئۈرۈمچىدىن ھەر قانداق بىر ئەسكىرى كۈچ كەلسىمۇ، ئۇلارنى تۇرپاندا توساپ يوقۇتۇش مۆلچەرلەنگەن ئىدى. شۇڭا پىلان بويىچە بىرىنچى قەدەمدە غەلبىلىك جەڭ قىلىپ تۇرپاننى ئازات قىلىش، ئىككىنچى قەدەمدە كۈچنى تەگشەپ پىچانغا يۈرۈش قىلىش ئىدى.

قوزغولاڭچى قوشۇن ئىككىنچى قېتىم پىچانغا يۈرۈش قىلغاندا، قاراغوجا ئاستانە ئارقىلىق پىچان تەۋەلىگە ئۆتۈپ، تويۇق يېزىسىنى بېسىپ، لۈكچۈننىڭ سىركىپ كەنتىدىن ئۆتۈپ، قاۋان يولى ئارقىلىق پىچان ناھىيە بازىرىغا 8 كىلومېتىر كېلىدىغان لەڭگەر ۋە شۆگە يېزىسى بىلەن بازارغا باستۇرۇپ كىرىپ، رۇس باندىتلىرىنى يوقۇتۇش پىلانلانغان ئىدى. شۇ پىلان بويىچە ناھىيە بازىرىغا يېقىنلاپ قالغاندا، رۇسلار تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقتا تۆمۈر يىڭجاڭ يارىلاندى. ۋە قوتقۇزۇش چارىلىرى ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن بۇ تەرەپنى تاشلاپ، يۆنىلىشنى لەمجىندىن پىچانغا كېلىدىغان يول نۇقتىسىغا ئۆزگەرتىپ، بازلونىڭ شىمال تەرىپى قۇتقۇز ئوغۇل مەھەللىسى ئارقىلىق ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1 - قېتىملىق جەڭدە رۇسلار بازارنى سىرتتىن قورشاپ، قوزغولاڭچى قوشۇننى قامال قىلغان ساۋاقنى قوبۇل

شوردى، ۋانغورشىنىڭ شىنەيلەرنىڭ قۇربان خەلقىنى ئىككى
تەرەپتىن قورشاپ ۋە جادۇغا ئېسىپ تۇفراپ ئۆلتۈرۈش شۇم
خىيالىنى بىسىت - چىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ زور ئەسكىرى
كۈچىنى ئۆزدىل - كىسىل ئار - مار قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى،
تاياق - توخماق، ئوغاق - پالتا، ئارا - گۈرجەك بىلەن
قوراللىنىپ قوزغالغان خەلق، شۇ زامانىنىڭ زامانىۋى قورال-
لىرى بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ،
تېخىمۇ روھلىنىپ، يېڭى قوراللارغا ئىگە بولۇپ، تېخىمۇ
زور جاسارەتكە تولدى. بۇ قېتىمقى غەلىبىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن خەلق توپ - توپى بىلەن قوشۇنغا قوشۇلدى.
قوزغىلاڭچى قوشۇن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تېز سۈرئەت
بىلەن كۆپىيىپ 2000 نەپەردىن ئاشتى.

ئەينى ۋاقىتتا مەخمۇت سىجاڭ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى
تەبرىكلەپ قىلغان خۇلاسە سۆزىدە: «ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك
بولغانلىقى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئەتراپلىق ۋە ياخشى تۈز-
گەنلىكىدىن، بىرلىك ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇستەھكەم بولغانلىقىدىن،
قەھرىمان، باتۇر جەڭچىلەرنىڭ قۇربان بېرىشتىن قورقماي
پىداكارانە جەڭ قىلغانلىقىدىن، خەلقنىڭ قىزغىن قوللىغانلى-
قىدىن بولدى» دەپ كۆرسەتتى.

## ئىككىنچى قېتىملىق پىچاندىكى ئۇرۇش

پىچان لۈكچۈندىكى ئۇرۇشتا رۇسلار يېڭىلىپ، پىچان
بازىرىغا چېكىنگەن ئىدى. ئاق ئورۇسلارنى يەڭگەن بىر-
لەشمە قوشۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىماي، تۇرپان ئاستانىغا

يۇقۇتۇش ۋە يۇرتنى قوغداش شۇئارى پەلەككە يەتتى. قەيسەرلىك، قەھرىمانلىق روھى ئەۋج ئالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 1000 دىن ئارتۇق پىدايى قاتنىشىپ، شەھەرنى قاتتىق قامال قىلىۋالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئۈزمەستىن، روس باسمىچىلىرى ئاجىز ئورۇندا چۈشۈپ قالغان ئىدى. بۇ پەيتتە شىڭشىسەي يەتتە سەككىز مىڭ ئەسكىرى كۈچنى مورى، قۇمۇل تەرىپىدىن يۆتكەپ روس باندىتلىرىغا ياردەمگە كەلدى. كۈچ نىسبىتى ئۆزگەردى. يەنى دۈشمەن كۆپ، قوزغىلاڭچىلار ئاز، قورال كۈچ جەھەتتىن ئۇلار كۈچسىز ئىدى. دۈشمەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئايروپىلان، بىروۋنىك، زەمبىرەك، پىلىموت قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغان، مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى ئىشقا سالدى. بۇنداق ئارمىيە ۋە قورال ئالدىدا مىلتىق، نەيزە، قىلىچ ھەتتا تاياق - توخماق، ئوغاق - پالتا بىلەن قوراللانغان قىسىم ئاجىزلىق قىلاتتى.

ئېغىر مەغلۇپ بولۇش، ئورۇنسىز قۇربان بېرىشلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن باش قوماندان مەخمۇت مۇھىتى ئۇرۇشتىن چېكىنىشنى بۇيرۇق قىلدى. قوشۇن چېكىنىپ لەمجىنگە كەلگەندە بىر مەيدان شىڭشىسەي ئەسكەرلەر بىلەن ئېلىشىش بولدى. يەرلىك پالۋانلاردىن 30 كىشى تەشكىللىنىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى قوغلاپ كەلگەن شىڭشىسەي ئەسكەرلىرىگە يول ئۈستىدە توساپ زەربە بەردى. 30 دىن ئارتۇق روس ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ قوشۇنى ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي لەمجىن يېزا ماچاڭ مەھەللىسىدە بىر سوتكا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 30 ئەسكەردىن ئايرىلغان شىڭشىسەي قوشۇنى پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى ئىش-

قىلىپ، بۇ نۆۋەت قوزغىلاڭچى قوشۇن بازارنى سىرتىدىن قورشاپ، شەھەردىكى روسلارغا ھۇجۇم باشلىدى. ھۇجۇم پىلان بويىچە بىر ۋاقىتتا بولغان بولسىمۇ، تولۇق - مۇنتىزىم ھەربى تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن پىدائىيلار دۈشمەننى سەل چاغلاپ ئالدىراقسانلىق قىلىپ، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى»، دېگەن قەسەمنى تۇۋلاپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇلار 100 دىن ئارتۇق جەڭچى ئىدى. روسلار كۆپ يىل ئۇرۇش قىلىپ پىششىپ كەتكەن ھەم تەربىيە كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللىرى ئېسىل بولغاچقا، ھۇجۇم قىلغان باتۇرلار روس باندىتلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە زەربىسىگە ئۇچراپ، ھەممىسى ئوقتا توتولۇپ قۇربان بوپ كەتتى.

بۇ ئۇرۇشتا لەمجىن، چۇۋاڭقىر، خاندۇ يېزىلىرىدىن كەلگەن مەتنىياز داموللا باشچىلىقىدىكى 300 دىن ئارتۇق جەڭچى ئاجايىپ زور مەردانىلىق كۆرسەتتى. بۇ جەڭچىلەرنى مەتنىياز داموللا يېتەكچىلىك قىلىپ جەڭگە تەشكىللىگەن. بۇ جەڭچىلەر ئىچىدە داموللىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان 30 نەپەر تالىپمۇ بار ئىدى. داموللا كۆك ئاتقا مىنىپ، ئاق سەللە ئوراپ، بېلىگە كەمەر، قولىغا ئۆزى ياسىغان قىلىچ تۇتقان ھالدا جەڭگە ئات سالغاندا، ئۇنىڭ تالىپلىرى تېخىمۇ جۇشقۇن روھ بىلەن ئۇستازىنى قوغداپ «ئۇرا!» ساداسى بىلەن جەڭگە كىردى. كۆك ئاتلىق داموللىنىڭ جەڭگە كىرگەن ۋاقىتتىكى روھ ھالىتى ۋە كۆرۈنۈشى ئۇرۇشقا قاتناشقان باشقا جەڭچىلەرگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. مەرتلىك، مەردانىلىك، جاسارەتلىك بىلەن ئەكسىيەتچىلەرنى

سەي ناھايىتى ھىلىگەر، قۇۋ، چاللات ئادەم ئىدى. ئۇنى شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈشتىن مەقسەت شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىنقىلابى ھەر-كەتلەرنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

1933 - يىلى 2 - ئايدىكى شىڭ شىسەينىڭ پىچان-غا يۈرۈش قىلىپ، روس باندىتلىرىغا ياردەم بېرىپ، مەخ-مۇت سىجاڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىشى شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى دېھقانلار ئىنقىلابى ھەركەتلىرىنى باستۇرۇش جەھەتتىكى مۇھىم قەدىمى ئىدى.

پىچاندىكى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن بىرلەشمە قوشۇن توق-سۇن ۋە قارا شەھەرگە چېكىنگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۇلارنى قوغلاپ توقسۇنغا كەلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەردار توخسۇن دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ پىدائىيلىرى بىرلەشمە قو-شۇنغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن توقسۇن ناھىيەسىنىڭ «قارا بۇلاق» دېگەن جايدا قەيسەرلىك بىلەن دۈشمەننى توساپ، ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇ ئۇرۇشتا دۈش-مەن ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى، پىدائىيلار قوشۇنىدىمۇ قۇربان بېرىشلەر بولدى. مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە تۇمۇر سىجاڭنىڭ ئىنىسى توختى تۇەنجاڭ قۇربان بولدى. لېكىن دۈشمەنلەر دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ كۈچىنى تېتىغۇدەك كۆر-دى. يەنە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

قوزغۇلاڭچى قوشۇن بۇ پۇرسەتتىن غەنىمەت بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپى ۋە ئارقا سەپلىرىنى مۇستەھ-كەملەپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى جەڭگىۋار ھالىتىنى كۈچەيت-تىپ، ئۇرۇشتا يارىدار بولغان جەڭچىلىرىنى قارا شەھەرنىڭ

قاسىلىپ، كىچىككىنە بۇ مەھەللىنى ئاختۇرۇپ، بىگۇنا
خەلق ئاممىسىنى قىردى. ئۇرۇش قىلغان پالۋانلاردىن پەتۇللا
غازى، ئىبراھىم قاتارلىق ئىككى كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلار-
نىڭ تىللىرىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇپ، بوغۇزلاپ قېنىنى ئىچ-
چىپ يىرتقۇچ ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

مەخمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن چېكىنىش
جەريانىدا لەمجىن، مۇرتۇق، سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق دېگەن
يەرلەردە دۈشمەنگە بىر قانچە قېتىم تۇساپ زەربە بەردى.
لېكىن شېڭشىسەي قوشۇنلىرى ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچ ۋە خىل
قوراللارغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، تۇرپان
ناھىيىسىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، توقسۇن ناھىيىسىگە چېكىنىدى.
بۇ جەرياندا پىدائىي جەڭچىلىرىمىز ئۆز يۇرتلىرىنى، خەلقنى
قوغداش يولىدا جان تىكىپ ئۇرۇش قىلغانلىقتىن جەڭ مەي-
دانلىرىدا ئاز بولمىغان قۇربانلارنى بەردى. ھەر قېتىم چې-
كىنگەندە كۆپلىگەن پىدائىيلار تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ
كەتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەخمۇت مۇھىتى
باشچىلىق قىلغان قوشۇننىڭ ئالدى قارا شەھەرگە، كەينى
توقسۇنغا چېكىنىدى. مەخمۇت مۇھىتى تۇرپان ئاقا بۇلاق
ئارقىلىق توخسۇننىڭ «لەنغول» دېگەن يېرى بىلەن قارا
شەھەرگە بارغاندا يېنىدا ئەللىك ئاتمىش ئادەمى بار ئىدى.
قالغان جەڭچىلەر بولسا، توقسۇن ئارقىلىق تارقاق ھالدا
قارا شەھەرگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ 1933 - يىلى 2 - ئاي
ۋاقتى ئىدى.

1932 - يىلى ئىچىدە جىن شۇرېن شېڭشىسەينى شىن-
جاڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىقىغا كۆتەردى. چۈنكى شېڭشى-

لىنچىدا پاجىئەلىك ھالدا چېچىپ تاشلاندى. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ قەھرى غەزىپى تېشىپ، قۇربان بولۇشقىمۇ قارىماي، قەھرىمانلىق بىلەن ئېتىشىپ، بىرىنىڭ ئىزىنى يەنە بىرى بېسىپ، چاقماق تېزلىكىدە دۈشمەننى قوغلاپ كىرەلەشكەن ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

بۇ ئۇرۇش تازا تىرىكىشىش باسقۇچىغا كىرگەندە ئاقسۇلۇق ھاشىخان تۇەنجاڭنىڭ 7 — 8 يۈز ئەسكىرى غەرپتىن ياردەمگە كەلدى. دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان سەپداشلار قۇتقۇزۇلۇپ، دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۇ بېشى ئىشغال قىلىنىپ، بۇ جەڭدە تولۇق غەلىبە قىلىندى. گەرچە بۇ قېتىم جەڭ قىلغان ئورۇن كىچىك بولسىمۇ، دۈشمەن بىلەن بولغان ئېلىشىش ناھايىتى كەسكىن ۋە قاتتىق بولدى. دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلگەنلەر بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئاز قىسمى قېچىپ كەتتى. پىدائىيلاردىنمۇ 60 — 70 دەك ئادەم ئېغىر ۋە يېنىك يارىلاندى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن يارىدارلار تېزلىك بىلەن قاراشەھەرگە ئېلىپ بېرىلىپ داۋالىتىلدى. بۇ ئۇرۇشتا سېتىنىياز لىيەنجاڭنىڭ 3 — 4 يېرىگە ئوق تېگىپ، ئېغىر يارىلاندى. ئۆزى قانغا مىلىنىشىدىن سىرت مىنگەن ئېتىمۇ قانغا بويالدى، لەنجاڭ ھوشسىزلىنىپ ئېتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. بىراق ئات قوشۇنغا قېچىپ بارغاندا بۇنى كۆرگەن تۇرپان ئاستانىلىق ئەخمەتشېخ دېگەن جەڭچى: «بۇ سېتىنىياز لەنجاڭ مىنگەن ئات. ئاتنىڭ بۇنداق قانغا بويۇلۇپ كېتىشىدىن قارىغاندا لەنجاڭ ئاللىقاچان قۇربان بولۇپ كېتىپتۇ»، — دەپ بەكمۇ ھەسرەت چەكتى. ئۇرۇش تۈگەپ بىر كۈندىن كېيىن يارىدارلارنى ئىزدەش ئار-

«ئۈششاق تال» دېگەن يېرىدكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى ھەمدە ئەستايىدىل ۋە جىددىيلىك بىلەن ئالدىنقى سەپتىكى كۈچىنى كۈچەيتتى.

پىچاندىن قارا شەھەرگە چېكىنگەن مەخمۇت مۇھىتى ئۈششاق تالدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ 20 كۈن تۇردى. بۇ ۋاقىتتا مەخمۇت مۇھىتى لۈيجاڭ، سوپى ئىبلىبېك بولۇپ قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە غوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى، مەخمۇت مۇھىتىنى ھاجى تۇرپانغا چاقىرتتى. بۇنىڭ بىلەن مەخمۇت مۇھىتى بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا يول ئالدى.

## سېيتنىيازلىق، نىجاتلىق ۋە توقسۇندىكى ئۇرۇش

غوجىنىياز ھاجىنىڭ چاقىرىشى بىلەن مەخمۇت مۇھىتى ۋە ئۇ باشچىلىق قىلغان قوشۇن ئۈششاق تالدىن ئاتلىنىپ، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ «سۇ بېشى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك بىر لويىنىگە ئۇچراپ، مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالدى. بۇ يەردە قاتتىق جەڭ بولدى. ناھايىتى پىدائىكارلىق بىلەن ئۇرۇشۇش ئارقىلىق مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا توغرى كەلدى. بىر نەچچە جەڭچىگە ھەم ئاتلىرىغا ئوق تېگىپ، ئۇلارنىڭ كېيىم - كېچەكلىرى قىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. مۇھاسىرىنى يېرىپ بۆسۈپ ئۆتۈشتە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان كېرىم بەنجاڭ بىلەن لەمجىنلىك بىر خۇيزۇ جەڭچى دۈشمەنلەرنىڭ قې-

شەھەرنىڭ «چوققا» دېگەن يېرىدە ئۆز قىسىملىرىنى بۆكتۈر-
مىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. ئۇ تاشپولات قىسىمىنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئالدىنقى سەپ قوشۇنىنى باشلاپ ماڭىدىغانلىقىدىن
تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، يەر شارائىتىنى ياخشى تاللاپ
مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، ھۇجۇم تەييارلىقىدا تۇرغان ئىكەن.
تاشپولات قىسىمى چوققىغا كەلگەندە سوپى سىدىق قوشۇنى
ئۇلارنى توسىدى. ئۇلار بۇ ۋەقەگە يولۇققاندىن كېيىن،
مەسىلىنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىش ھەققىدە سۆزلەندى. لېكىن
تاشپولات قىسىمىنىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆز - نەسىھەتلىرى
ئەسكەر ۋە كوماندىرلارغا قىلچە كار قىلمىدى. نەتىجىدە
ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇشنىڭ
دەسلەپكى باسقۇچىدىلا تاشپولات تۇەنجاڭنىڭ ئورۇندىن بىرى
يېتىشتۈرگەن. قەھرىمان رەھىمجان لىيەنجاڭ ئەسىرگە چۈشۈپ
قالدى. سوپى سىدىق قىسىملىرى ۋەھشىلىك بىلەن رەھىمجان
لىيەنجاڭنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەتتى.

ئالدىنقى سەپتە ماڭغان بۇ قوشۇن ئەھۋال ئىگىلەپ
بىرلىكچە يوقۇرقىدەك پاجىئە ۋە كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كەلدى.
بىر مەيدان جىددىي، ئۆتكۈر ئۇرۇش يۈز بەردى. سوپى سىدىق
قوشۇنى تاشپولات قىسىمىنى قىلچە مەنسىتمىدى. چۈنكى ئۇ-
لارنىڭ كۈچى كۆپ، قورالى خىل، تەييارلىقى پۇختا ۋە مەلۇم
ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا سەللا بىخۇت-
لۇق، تاكتىكىدا تەدبىرسىزلىك، كۈچ جەھەتتە ئاجىزلىق ئى-
پادىلىنىپ قالسا، سوپى سىدىق قوشۇنى، تاشپولات قوشۇنىنى
يوقىتىۋېتىشى خەۋپى بار ئىدى. شۇڭا تاشپولات تۇەنجاڭ بۇ
ئۇرۇشقا جىددىي قاراپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن

قىلىق سېتىنىياز لەنجاڭ ئېغىر يارىلىنىپ، 3 ـ 4 يېرىگە ئوق تەككەن بولسىمۇ، يەنە ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئىككىنچى كۈنى قارا شەھەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئىككى ئاي دەۋالاش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن تاشپولات تۇەنجاڭ رەھبەرلىك قىلغان قوشۇندا جىددىي جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئەمەلىي ئۇرۇشلاردا يەنجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ قاتارلىق مۇۋەققەت ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

«سۇبېشى» دىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ھاجى بىلەن مەخمۇت مۇھىتى غەلىبىلىك ئۇچراشتى. شۇ نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن مەخمۇت مۇھىتى كىچىككە، سوپى سىلىڭ، ئاخۇن تۇەنجاڭ ئۈرۈمچىگە، تاشپولات تۇەنجاڭ ئالدىنقى سەپ قىسمىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدىغان بولۇپ، ھەر قايسى قىسىملار ئۆز ۋەزىپىلىرىگە ماڭدى.

## سېتىنىياز لەنجاڭنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە كۆرگەن جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان ۋەقەلەر

جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ ئاتلانغان قوشۇن دەسلەپ ئۇشاق تالغا، كېيىن قاراشەھەرنىڭ «چوققا» دېگەن يېرىگە كەلدى.

بۇ يەرگە كەلگەندە بىر يوشۇرۇن سىر ئاشكارىلاندى. ئۇ بولسىمۇ، سوپى سىلىڭ، ئاخۇن تۇەنجاڭلارنىڭ قوشۇن ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىكى ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھەر قايسى يېڭىلىۋاش قىسىملىرى جاي ـ جايغا ئاتلىنىش پۈرسىتىدىن پايدىلانغان سوپى سىلىڭ ئۈرۈمچىگە ماڭماي قارا ـ

3 گۈرۈپپىغا بۆلۈپ، سوپى سىلىنىڭ ئەسكەرلىرى بايراق تىككەن جىسىدىنغا قاراپ ئاتلاندۇردى. سېتىنىياز لېيەنجاڭ بار گۈرۈپپا ئىشانغا قاراپ ھوجۇمغا ئاتلانغاندا گۇرۇپپا تەركىبىدىدىكى ئىلاخۇن (تۇرپان قاراغوجىدىن) ئاجايىپ قەيسەرلىك ۋە ئەپچىل ھەركەت بىلەن يولۋاستەك ئېتىلىپ، بېرىپ سوپى سىلىڭلار تىككەن بايراقنى يۇلۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ۋە قاچتى. ئالدىنقى سەپ قوشۇنى ئۇلارنى «ئۇررا» سادانى ئىچىدە قوغلاش بىلەن بىللە سوپى سىلىنىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ھەققەتكە قايتىش ھەققىدە تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوشۇنىنى تېخىمۇ زورايتتى. بۇ ۋاقىتتا يەنە مەجىدان لېيەنجاڭنىڭ بېشىنى كېسىلىپ كېتىكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان جەڭچىلەرنىڭ قەھرى-غەزىپى تېخىمۇ ئېشىپ سوپى سىلىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىزمۇ-ئىز قوغلاپ، ئىنتايىن كۆپ قىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن سوپى سىلىنىڭ ئاخىرقى تەۋەلسالىك قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى يوقىتىلدى.

سوپى سىلىنىڭ قىسىملىرى بۇ قېتىمقى چوڭقا ئۇرۇشىدا ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىدىن قاتتىق زەربە يەپ تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن بىر قىسمى قارا شەھەرنىڭ باغراش تەرەپىگە قاچتى. سوپى سىلىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسمى ماخۇدەنگە قوشۇلۇپ كەتتى.

ئالدىنقى سەپ قوشۇنى شۇ ئىلگىرىلىگەنچە قاراشەھەرنى تېچلىق بىلەن ئازات قىلدى. كورلىمۇ تېچلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ جاينى يەرلىك قوشۇن باشلىقى ئىلاخۇن ھاجى قاتارلىقلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

سەتېمىيان لېيەنجاڭ باشلىق بىر لىيەن ئەسكەرنى قوشۇندىن بۆ-
لۈنۈپ چىقىپ، قېچىشتا ھەم ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغان سوپى-
سىلىڭ ئەسكەرلىرىنى ئازدۇرۇپ، يىراققا ئېلىپ بېرىپ، ئايى-
رىلىپ قايتىپ كېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن سوپى
سىلىڭنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي كۈچى «چېكىنگەن» قوشۇننى
قوغلاشقا ئاجرىتىلىپ، ئاساسىي قوشۇننىڭ كۈچى ئىككىگە بۆلۈ-
نۈپ كەتتى. تاشپولات قوشۇنغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى.
تۇەنجاڭ ئالدىنقى سەپتە قالغان ئەسكەرلەرنى پۇختا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، سوپى سىلىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جىددىي تىركەشتى.
چېكىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوشۇن، سوپى سىلىڭ قوشۇننى
ئازدۇرۇپ، غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا تۇەنجاڭنىڭ
ئەسكەرىي كۈچى خېلى كېمەيگەن، تۇەن مۇھاپىزەت قىسمىنىڭ
يېگانە ساۋۇت (تۇرپان يامىشلىك) مۇز قۇربان بولۇپ
كەتكەن، لېكىن تاشپولات تۇەنجاڭ ئۇرۇش مەيدانىدا پۈتۈن
ئەقىل - پاراسىتى ۋە شىجائىتىنى جارى قىلىپ غەلىبە قىلدى
ئېلىشىۋاتقاندى.
سوپى سىلىڭنىڭ قالدۇق قىسمى تاشپولات قىسمىغا
500 مېترچە ئارىلىق قالدۇرۇپ، يولنى توساپ بايراق تىكتى.
بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان كۆ-
رەڭلىكى ئىدى. بۇ ۋاقىت 7 - ئاي مەزگىلى بولغاچقا ھاۋا
ئىنتايىن ئىسسىپ، جەڭچىلەرنى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقى قىينى-
ماقتا ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا تاشپولات
تۇەنجاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى سوپى سىلىڭنىڭ قالدۇق
قىسمى بىلەن ئۇرۇشا - ئۇرۇشا تاغ ئىچىگە چېكىندى. تۇەن-
جاڭ بۇ جىددىي پەيتتە تېز تەدبىر قوللىنىپ، 9 كىشىنى

جايلىرىدا، ئۇلار بىلەن قىسقا توقۇنۇشۇپ، بۇ جايلاردىن ئىز-
لارلىق قوغلاپ چىقىرىپ، كەرچى، ئىلىم چىلانباغنى ئىشغال قىلدى
ۋە غەلىبە بىلەن كورلا شەھرىگە كىردى. ئۇرۇش جەر-
يانىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن چىقىم بولۇش ئەھۋالى كۆرۈل-
مىدى. جامال لىيەنجاڭ كورلىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن كۈچارغا
قايتتى، شۇنىڭ بىلەن كورلا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

سوۋېت سىلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى كورلىنىڭ «كەرچى» ۋە
«چىلانباغ» دېگەن يەرلىرىدە تار - مار قىلىنىپ يېڭىلگەن-
دىن كېيىن يەنە ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ كۈچارغا قاراپ يول ئالغان.

جامال لىيەنجاڭ باشچىلىقىدىكى جەڭچىلەر «چىلانباغ» ۋە
«كەرچى» غەلىبىسىدىن كېيىن غالىبىيەت شادلىقىدا كورلا ۋە
بۈگۈر تەۋەسىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، كۈچار ناھىيەسىنىڭ
«ياقا» دېگەن يېزىسىغا چۈشكىن قىلدى. بۇ چاغدا چوڭ
قوشۇننىڭ ئالدى - كەينى ئاقسۇغا يىغىلىپ، قەشقەرگە يۈرۈش
قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. مۇشۇنداق
بىر ۋاقىتتا قايتا - باش كۆتەرگەن سوۋېت سىلىقىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ
جامال لىيەنجاڭ قىسىملىرى كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدى-
كى خەۋەر يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن جامال لىيەنجاڭ
قىسىملىرى توساپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. سوۋېت سىلىقنىڭ
ئەسكەرلىرى «ياقا» غا يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىلەن ئېلىشتى.
لېكىن يەر شارائىتى، كۈچ جەھەتتە سوۋېت سىلىق قىسىملىرى ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلىگەنلىكتىن، جامال قوشۇنى كۈچارنى ئايلىنىپ ئۆت-
تۈپ، ئاقسۇنىڭ «جام» دېگەن يېرىگە چېكىندى. سوۋېت قى-
سىملىرى ياقا جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن كۈچارنى كونترو-
رول قىلىۋالدى.

ئالدىنقى سەپ قوشۇنى كورلا ۋە بۈگۈر ئارىدە ئىككى ھەپتە دەم ئالدى ۋە قوشۇننى رەتكە سالدى. بۇ ئارىلىقتا ھاجى، مەخمۇت مۇھىتىلار يېتىپ كەلدى. قوشۇن ئاساسەن قاراپ يۈرۈش قىلدى.

قارا شەھەرنىڭ غالىبىيىتىدىن كېيىن سېيىتنىياز لىيەنجاڭ، بەنجاڭلىقتىن پەيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى.

ھاپىز لويجاڭ (پىچان لۈكچۈندىن) قارا شەھەرنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىشتا مۇھىم خىزمەت كۆرسەتتى.

كۇچا ــ شايالىق ھەمدەم بەگ ھاجى، ئېلى ھاجى قاتارلىقلار كورلا ۋە كۇچارنى ھەم خەلقنى تىنچلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش پائالىيەتلىرىدە كۆپ كۈچ چىقاردى.

قوزغىلاڭچى چوڭ قوشۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە بۇيرۇقى بىلەن ئالدىنقى سەپ قوشۇنى قارا شەھەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە كورلا قاتارلىق جايلارنى تىنچ قولغا كەلتۈرۈپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەپ، ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. قاراشەھەرنىڭ «چوققا» جېڭىدە مەغلۇپ بولۇپ تىرە-پىرەڭ بولۇپ كەتكەن سوپى سىلىنىڭ ئەسكەرلىرى مۇشۇ ۋاقىتتا قايتا قۇتراپ يەنە توپلىشىپ، قاراشەھەرگە كىرىپ، باندىتلىق قىلىپ، يۇرت ئىچىنى قالايمىقانلاشتۇرغان. ئۇلار كورلىغىمۇ كېلىپ، كورلا خەلقىنىمۇ قاخشىتىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ پاراكەندىچىلىك سادىر قىلغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قوشۇن رەھبەرلىكى جامال لىيەنجاڭنى باشچىلىقىدا 300 نەپەر جەڭچىنى كورلىغا ئەۋەتىپ، كورلا خەلقىنى سوپى سىلىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئاتلاندۇردى. بۇ 300 جەڭچى بۈگۈر ئارقىلىق كورلىنىڭ كەرچى، تىمى، چىنلان باغ قاتارلىق

سەپ قىسىملىرىنىڭ مارالبېشىغا كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغانلىقى ئېنىقلاندى.

چوڭ قوشۇن ئاقسۇغا كېلىپ بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن ھاجىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، رەتكە سېلىنىپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى.

سەپەرنىڭ ئالدى كەلپىننىڭ «چىللان» دېگەن يېرىدىن باشلاندى. قوشۇن چىللاندىن ماڭار ۋاقتىدا تۇەنجاڭ تاشپۇلات، باتۇر، زىرەك جەڭچىدىن 80 نەپەرنى تاللاپ، ئالدىن يول ئېچىپ ماڭىدىغان ئەترەت تەشكىللىدى. ئەترەتكە ئېتىنىياز لەنجاڭنى باشلىقلىققا بەلگىلىدى. بۇ ئەترەتنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇن ھەر قېتىم يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئاتلىنىپ، ئەھۋال ئىگەللەپ، قوشۇننىڭ يولغا چىقىشىغا ماتېريال، ئەھۋال شەرت — شارائىت جەھەتلەردىن مەلۇمات بېرىپ، قوشۇننىڭ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن قوشۇن يولغا چىقىش بەلگىلەندى.

ئالدىن ماڭار ئەترەت ياقا قۇدۇقتىن ئۆتۈپ «تەڭتۇغراق» دېگەن جايغا كەلگەندە يەرلىك كىشىلەر، «ھەر كۈنى 10 نەپەر غەيرى ئەسكەر بۇ يەرنى چارلاپ كېلىدۇ»، — دېگەن ئىنكاسنى قىلىدۇ. بۇ ئىنكاسقا ئاساسەن تاشپۇلات قىسمى «تەڭتۇغراق» قا ئورۇنلىشىپ، ھېلىقى چارلىغۇچىلارنى كۈتىدۇ ھەقىقەتەن كىشىلەر دېگەندەك 10 نەپەر چارلىغۇچى بۇ جايغا كېلىدۇ. ئەھۋالنى ئۇلار سېزىپ دەرھال قاچىدۇ. لېكىن ئۇلار قورشاۋغا ئېلىنىپ، بولغاچقا 3 نەپىرى تىرىك قولغا چۈشىدۇ. تاشپۇلات قىسمى يەنە

چوڭ قوشۇن قوماندانلىق شىتابى كۆچاردىكى جەڭدىن كېيىن تاش پولات تۆمەنجاڭ، ھەمدە كىچەك ھاجى باشچىلىقىدا ئىككى تۆمەن ئادەمنى (600 — 700) كەلپىن ناھىيىسىنىڭ «چىلان» دېگەن يېرىگە بېرىپ، سوپى قوشۇنلىرىنى توساپ زەربە بېرىشكە بۇيرىدى. لېكىن بۇ ئىككى تۆمەن ئەسكەر شۇنچە ئۇزۇن ساقلىسىمۇ ئۇلار كەلمىدى. ئۇلار تاش پولات قىسىملىرى ساقلىغان يول بىلەن ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن ھالدا باشقا يول بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىگە كىلىپ ئورۇنلىشىۋالغان.

بىر دەل جوجەم (ئۈژمە) پىشىقىنى مەزگىلى بولۇپ، تاش پولات تۆمەنجاڭ ساياھەت ۋە تەكشۈرۈپ كېلىشكە كەلگەن شەھەر ئىچىگە، جامال لەنجاڭ بولسا كەلپىننىڭ «ئاچال» دېگەن يېرىگە كەتكەنىدى. سىتىنىيازى لەنجاڭ جىيامال لەنجاڭنىڭ قورولىنى باشقۇرۇپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا توساتتىن بىر سودىگەر كېلىپ: «ئاقسۇ تەرەپتىن 70 تەك ئەسكەر غەربكە كېتىپ باردۇ» — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. تۆمەنبۇ شۇ ھامان ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇ 70 دەك ئادەم «ماشۇتا قىزدۇق» دېگەن يەرگە چۈشكىن قىلىپ، تاماق يەۋاتقانىكەن. ئۇلار تاماق ئۈستىدە ئەسىرگە ئېلىنىپ، چوڭ قوشۇن قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇلاردىن ئىككى پىلىموت ۋە ياپونىيە مىلتىقلىرى غەنىمەت ئېلىندى.

قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن سوراق جەريانىدا، ئۇلار كۆچاردىن بىر نەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ، قەشقەرگە ماڭغانلىقى، ھاجىنىڭ چوڭ قوشۇنى ئاقسۇدىن تەۋرەپ بولغىچە، ئالدىقى

سېتىنىياز لەنجاڭ قامالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قول ئاستىدىكىلەرنى تېزلىك قوراللاندۇردۇ ۋە قاماقخانىگە بېرىپ، قامىغۇچىلارغا ياخشى سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىدۇ ھەم ئۇلارنى قايىل قىلىپ، 130 جەڭچىنى قاماقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەخمۇت سىجاڭ سېتىنىياز لەنجاڭنى يەركەندە قوبۇل قىلىپ: «قوشۇنغا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپ، 130 نەپەر جەڭچىنى قۇتقۇزۇپ، مۇھىم تۆھپە قوشتۇڭ»، — دەپ، پۈتۈن جەڭچىلەر ئالدىدا ئالاھىدە تەقدىرلەپ، پېيجاڭلىقتىن لەنجاڭلىققا ئۆستۈردۇ.

قۇتقۇزۇۋېلىنغان ھاپىز لۈيجاڭنىڭ 100 جەڭچىسى قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئاشپۇلات تۇەنجاڭنىڭ 30 جەڭچىسى سېتىنىياز لەنجاڭ بىلەن بىرگە قالدۇرۇلۇپ، مارالۋېشى ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، تۇردى ھاجى دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىغا چۈشكۈن قىلىدۇ. بۇلارنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان خەلقلەرنىڭ بەزىلىرى كەچتە سېتىنىياز لەنجاڭلار چۈشكۈن قىلغان قورۇغا كېلىپ، ناھىيە ياموۇلىدا 10 تالدەك قورال بارلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان لەنجاڭ 3 كىشى بىلەن ياموۇلغا بېرىپ، قوراللارنى سۈرۈشتۈرۈدۇ. ئېگەللىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قوراللارنى ئامما ئىنكاس قىلىشتىن ئىلگىرىلا باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. سېتىنىياز لەنجاڭ قورۇغا قايتىپ كەلسە، جەڭچىلەر يوق قورۇدا باشقا كىشىلەرمۇ يوق. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلماي، سىرتتىكى بىر بوۋايدىن سورىغاندا، قورۇدىكى ئەسكەرلەر قەشقەر تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لەنجاڭ باشلىق 3 كىشى كېچىچە كەينىدىن ئىزدەپ

ئىلگىرلەپ «تۇمشۇق» دېگەن بازارغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەرنى ئىگەللەپ ياتقان سۈپى سىلىك ئەسكەرلىرى نەرسە كېرەكلىرىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قاچىدۇ. تاشپولات قوشۇنى ئۇلاردىن 10 تۆگە، بىرمۇنچە قورال ياراق غەنىيمەت ئالىدۇ.

سېتىنىياز لەنجاڭغا تۇەنجاڭ بۇ جايدىن قوزغىلىش ۋاقتىدا خەلقتىن ئالغان نەرسىلەرگە جاۋاب قىلىش، ئاممىنى رازى قىلىۋېتىپ، ئارقا سەپتە كېلىۋاتقانلارنى يېغىپ، چوڭ قوشۇنغا يېتىشىۋېلىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. سېتىنىياز لەنجاڭ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن يەرلىكتىكى كايىت زايىت ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن بىللە، خەلقتىن ئالغان نەرسىلەرنى ئىگىلىرىگە قايتۇرىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئارقا سەپتىن 40 نەپەر جەڭچى مۇخپۇل خەلپەم يېتەكچىلىكىدە يېتىپ كېلىدۇ. سېتىنىياز لەنجاڭ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، چوڭ قوشۇندىن بىر كۈن كېيىن «قاراتال» دېگەن يەردىن يولغا چىقىدۇ. سېتىنىياز لىيەنجاڭ، مۇخپۇل خەلپىلەر قوشۇن كەينىدىن بىر كۈن يۈرۈپ يېتىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئايلىنىپ ئاۋاتقا بېرىپ قالىدۇ. ئاۋاتتا ئۇلار تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىرگەندە قوشۇندىن خىزمەت سەۋەبى بىلەن ئاجراپ قالغان مەخمۇت مۇھىتىنىڭ 6 ئەسكىرىگە ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ پەردە ئۇلار كۆچاردىكى سۈپى سىلىك ئەسكەرلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى ئاقسۇغا كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ھاپىز لۈيجاڭنىڭ 100 نەپەر، تاشپولات تۇەنجاڭنىڭ 30 نەپەر جەڭچىسىنى يەرلىك ئەمەلدارلار بىر قورۇغا قاماپ قويغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

كۆرۈشۈپ چوڭ قوشۇننى تاپايلى» دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لەنجاڭ سېرىق بويىدىن قەشقەرگە ئاتلىنىدۇ.

سىتنىياز لەنجاڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەر ۋە ئەيسا ھاجى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قەشقەر كونا شەھەر غوجىنياز ھاجىنىڭ قولىدا، يېڭى شەھەر «چولاق زىخوي» دېگەن خويزۇ قوشۇنىنىڭ قولىدا ئىدى.

چوڭ قوشۇن قەشقەرگە كەلگەندە يېڭى شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، پۈتۈن قەشقەرنى باشقۇرۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلغۇچى تەرەپلەر ئىچىدە پىكىر بىرلىكى بولمىغاچقا قارشى تەرەپكە ئارام ئېلىش پۇرسىتى بېرىپ قويۇلدى. قارشى تەرەپ بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆز كۈچىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالدى. قوشۇن رەھبەرلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلار يېڭى شەھەرنى تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىگىلىدى.

ئەھۋال مۇشۇنداق بىر ھالغا كېلىپ قالغاچقا ھاجى ۋەزىيەتنى دەڭسەپ كۆرۈپ، تاشپولات (تۇرپان) غوپۇر (توقسۇن) پازىل (قومۇل) تۇەنجاڭلار بىلەن 1000 دىن ئارتۇق چەكچىنى باشلاپ، قەشقەرگە تەۋە «بەركەشتام» دىگەن يەرگە سەپەر قىلدى. ئۇلار سەپەر ئۈستىدە ئاتۇشنىڭ «ئاغۇ» دېگەن يېرىگە كەلگەندە «چولاق زىخوي» قىسىملىرى توسىدى. بۇ يەردە جىددىي ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش بىر كۈن داۋام قىلىپ، «چولاق زىخوي» قىسىملىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ھاجى بۇ سەپەردە ئاقتۇغا كېلىپ

ئۇلارنىڭ مارالبېشى ناھىيىسى «ئاقساق مارال» دېگەن يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ.

مەلۇم بولۇشىچە ئەھۋال مۇنداق بولغان: بۇلار چۈشكىن قىلىنغان قورۇنىڭ ئىگىسى جەڭچىلەرنى بىر ئامال بىلەن قورۇدىن چىقىرىۋېتىش نىيىتىگە كېلىپ، لەنجاڭ باشلىق 3 كىشى يامۇلغا كەتكەندىن كېيىنلا بولمىغۇر پىتنە - پاسات سۆزلەرنى تارقىتىپ، ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنى قورۇدىن چىقىرىۋەتكەن. بۇلار لەنجاڭ بىلەن ئالاقە قىلىشقىلى ئۈلگىرەلمىگەن. تۇردى ھاجى ئەسلىدە ناھايىتى كاززاپ، ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر يامان ئادەم ئىكەن.

سەپداشلىرىدىن ئاجراپ قالغان سېتنىياز لەنجاڭ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاخىرى مارالبېشىنىڭ «سېرىق بۇيا» دېگەن جايىغا يېتىپ كەلگەندە بۇ جاينى ساقلاۋاتقان قەشقەر خان ئىبرىقلىق ئەيسا ھاجىغا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ قول ئاستىدا 150 جەڭچى بار ئىكەن. ئەيسا ھاجى خېلى تەدبىرلىك، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەن. ئۇ لەنجاڭنى «ئاقساق مارال» دىكى جەڭچىلىرى بىلەن يېتىشتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ چاغدا مەكىت ناھىيە تەۋەسىدە تۇرغان خوتەنلىكلەر سېرىق بۇيىدا سېتنىياز لەنجاڭنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قورال تاپشۇرۇش ھەققىدە خەت يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىدۇ. سېتنىياز لەنجاڭ ئۇلارغا قورال تاپشۇرماي، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئەيسا ھاجى: «ئۆز ئارا ئۇرۇشاق ئاممىغا يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە قەشقەرگە بېرىپ، ھاجى بىلەن

قەھرىمانلىق بىلەن ئوڭ تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ سول تەرەپتىن يولۋاستەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قارشى تەرەپكە ئەجەللىك زەربە بەردى. بىر مەيدان قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن «چولاق زىخۇي» قىسىملىرى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىندى. بۇ ئۇرۇش شۇنداق كەسكىن بولدىكى 4 ئەتىراپى تاغ بىلەن ئورالغان تۈزلەڭلىك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قانغا بويىلىپ، ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن جەسەتلەر تۈزلەڭلىكنى قاپلىدى. بۇ ناھايىتى دەھشەتلىك ھالەتنى شەكىللەندۈردى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شۇنداق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى: غوجىنياز ھاجىنىڭ قوشۇنىنى قوغلاپ چىققان «چولاق زىخۇي» ئەسكەرلىرىنىڭ يۇقۇرقىدەك ئېغىر زەربىگە چىدىمىغان بىر قىسمى ئۆزلىرىنى - ئۆزلىرى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈۋېلىش ئىشلىرىنىمۇ سادىر قىلدى. بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشتا سۈرۈپسىلىك، كېيىنكى «چولاق زىخۇي» قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان ئۇرۇشلار ئىچىدە تەڭ زور چىقىمغا ئۇچراپ تولدۇرغۇسىز زىيان تارتقان ئۇرۇش بولدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غوپۇر تەمۆەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ھاجىمغا، سېتىۋىياز لېنجاڭ تاشپۇلات تەمۆەنجاڭغا قوشۇلۇپ ئۆز ئارا يېقىن ماسلىشىپ، «چولاق زىخۇي» ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلدى.

ھاجى غەلىبىدىن كېيىن كەچتە ئوسمان سىجاڭ دېگەن قىرغىزنىڭ تەۋەلىكىدە قونۇپ، ئەتىسى چېگرىدىنا بېرىپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلەشكەن. ھاجىنىڭ سوۋېت تەرەپ بىلەن نېمە توغۇرلۇق سۆزلەشكىنى ئېنىق ئەمەس.

دەم ئېلىشنى پىلانلىغان. لېكىن ئۇلار دەم ئېلىپ ھەلىزدىلىگە يېتىپ كەلگەندە، «چولاق زىغوي» ئەسكەرلىرى يەنە ئۇلار-نىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇلار بىلەن ئۇرۇش باشلاندى. ھاجى بۇ ئۇرۇشنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئوستا مەركەزلەردىن ۋە كىشىلى ئەركەشتامغا بارىدىغان يولدىكى تارجىلغىغا بۆكتۈرمە قىلىپ، قوغلاپ كەلگەنلەر بىلەن ئېلىشىشنى، قايتىش بۇيرىقى بېرىلمىگىچە تىركىشىشنى، قەتئىي توقتاتماسلىقنى بۇيرۇپ، ئۆزى قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلىدى. ۋە كېيىن تاپشۇرۇق بويىچە چەكىنىپ قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇلارغا قايتىش بۇيرۇقى بېرىلىپ، قوشۇنغا كەلگەندە قوشۇن ۋە ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان تۈز لەڭلىككە يېتىپ كەلگەن. لېكىن ئەتراپىنى پۈتۈنلەي «چولاق زىغوي» ئەسكەرلىرى قورشاپ ئالغان ئىكەن. مۇشۇنداق قورشاۋدا قالغان قوشۇن قورشاۋنى قانداق بۆسۈپ چىقىپ كېتىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ھاجى مۇشۇ پەيتتە كەلگەندە شۇنداق بىر پاتۇرلۇق كۆرسەتتىكى، ئۇ ئىككى قولىغا ماۋزېرنى تۇتقان ھالدا كۆزىگە چېلىقىپ كەتكەنلىكى دۈشمەننىڭ جېنىنى جەھەننەمگە ئۇزۇتۇپ، چەمبىرەكنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ، قورشاۋدىن چىقىپ كەتتى. بىنۇۋاقتتا ئۇرۇش شۇنداق بىر جىددى، كەسكىن ھالغا كەلدىكى، گىرەلەشكەن ئۇرۇش مەيدانىدا «ھورا!»، «ئات چاپ!» دېگەن سادالار كۆككە يەتتى. جەڭ مەيدانى قانغا بويالدى.

ئۇرۇشنىڭ مۇشۇنداق بىر جىددى پەيتىدە تاشپولات تۇۋەنجانىڭ مەردو — مەردانىلار چەققان كېچىپ جەڭ قىلىپ،

ئۇچىنچىسىگە 500 دوبەن تەمىنات بېرىلەتتى. بۇنىڭدىن سىرت تۆەن، لەنلەرنىڭ مەخسۇس پارچە خىراجەت پۇللىرىمۇ بار ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا قۇربان نىياز، ئابلا تۆەنجاڭ، سايىم تەنپو، ئەمەت مەخسۇم قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە 6 ئاي ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن تاشپولات، غوپۇر قاتارلىق بىر قىسىم تۆەنجاڭلارنى «ئوقۇمىغانلار، قارا تۇرۇكلەر» دەپ چەتكە قېقىشقا باشلىدى. ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەسكەرلىرىدىن ئايرىپ تاشلىدى. ئىتتىپاقسىزلىق كەيپىيات ئەۋج ئالدى، ئىچكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭشىسەي مەخپىي سىجاڭ قارمىقىدىكى پەيجاڭدىن يۇقىرى كادىرلارنى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى باشلىدى. ئۇلار قايتقاندا ئۇلارنى ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتەك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. شىڭشىسەي يەنە سىجاڭنى سۆھبەت، يىغىن قاتارلىقلارغا تەكلىپ قىلىشنى كۆپەيتىشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك غەلىتە ناتونۇش ئادەملەر ھەر خىل نام، قائىدە يوسۇنلار بىلەن سىجاڭنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

يۇقۇرقىدەك ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىجاڭ ئامالسىز قېلىپ، شىڭشىسەي بىلەن ئۇرۇشۇشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن 1938 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - 2 - كۈنى (جۈمە بىلەن شەنبە ئارىلىقىدا) قەشقەردىن چىقىپ، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ «قىزىل» دېگەن يېرىدە بىر كېچە قونۇپ، ئۇ يەردىن يار كەنتنىڭ «كاچۇك» دېگەن يېرى ئارقىلىق

سوۋېت تەرەپتىن خەۋەر كەلگىچە ھاجى باشچىلىقىدىكى قوشۇن ئەركەشتامدا 70 كۈن تۇرۇپ قالدى. لېكىن شۇ 70 كۈنگىچە، سوۋېت تەرەپتىن ھېچ بىر ئۇچۇر بولمىدى. ھاجى يەنە چېگرىغا بېرىپ سۆزلىشىپ، ئاخىرى تاشمىلىق ئارقىلىق قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ھاجى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن غوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سىجاڭ ۋە روسلار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ئۇرۇشنى توختاتتى. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئاز قالغان «چولاق زىخۇي» قوشۇنى بولسا، ياركەنت دەرياسىدىن ئۆتۈپ خوتەن تەرەپكە كەتتى.

شۇندىن كېيىن تاشپولات تۇەنجاڭنىڭ تۇەنى ياركەنتتە، غۇپۇر تۇەنجاڭ يېڭىسار ناھىيىسىدە، سەمەت تۇەنجاڭ، قۇربانىياز تۇەنجاڭلار يۇمۇلاق شەھەر ياكى كونا شەھەردە تۇرۇش بەلگىلەندى.

بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەربى ئوقۇتقۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار پەيجاڭدىن يوقىرى ئوفىتسېرلەرنى يىغىپ تەربىيلەشكە باشلىدى. تەربىيلەنگەن ئوپىتسېرلەر چەڭچىلەرنى سوۋېت ئارمىيىسىنى تەربىيلەش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيلەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئات ئۈستىدە ئۇرۇپ قىلىچ چېپىش، مىلتىق ئېتىش، پىيادىلەر مىلتىق، پىلمۇت... قاتارلىق قوراللارنى ئېتىش ۋە شۇنىڭ تېخنىكىلىق تەرەپلىرىنى ئۆگەندى. بۇچاغدىكى چەڭچىلەرنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى سۇر ئىدى. ھەر ئايلىق تەمىناتى تۆۋەندىكىدەك تارقىتىلاتتى:

لەنجاڭلارنىڭ 5000 دوبەن، ئەسكەرلەر 3 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ؛ بىرىنچى دەرىجىگە 800، ئىككىنچىگە 700،

يېڭى تۇرپاندىكى يارى – بۇرادەرلىرىگە بىر پارچە سالام خەت يازغان، خەتكە قوشۇپ بىر شېئىرنى ئەۋەتكەن بۇ شېئىرنى كىتابخانلار دىققىتىگە سۇنىمىز.

ئەي ئاداش، بىر تاختا قەغەز جان ئەمەس،
ئىككى — ئۈچ قەترە سىيا ئىمان ئەمەس.
خەت ئىشابىلىك ئەمەس خەتنى زەبور،
ئىنجىل، تەۋرات ياقۇرئان ئەمەس.
بىر دۆۋەت — قەلەمنى تۇتمىغان،
نامۇسۇلمان مۇنىسى ياران ئەمەس.
ئىلكىدە يازماقنى بىلمەس بىئەدەپ،
بۇ جاھاندا لايىقى ئىنسان ئەمەس.
ئوتتۇز ئالتى پۇل كىراسى پوچتىغا،
ئەي بۇرادەر مەخزەنى خاقان ئەمەس.
ئالتى پۇل بىر لىبابە ئالغىلى،
پۇلغا ئاغرىنغان بېخىل ئىنسان ئەمەس.
ۋەدىسىز ئىدى ئۈزۈلمەس خەت يېزىش،
ۋەدىسىگە تۇرمىغان ئوبدان ئەمەس.
بىۋاپا دەپ گۇمان قىلغان ئېدىم سېنى،
راست كەلدى بۇ گۇمان يالغان ئەمەس.
بولدى غۇربەتتىن كۆڭۈللەر چاك — چاك،
دەردىمىزنى ھېچكىم يازغان ئەمەس.
سەندە بار بىۋاپالىق بىزدە يوق،
ھەممە ئادەم سەن كەبى نادان ئەمەس.
شۇنچە كۆپ جەبرى — جاپا كۆرگەن بىلەن،

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ «كۆكيار»، «مىلمكشا» دېگەن يەرلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ «چوڭ تاش» دېگەن بولاق ئارقىلىق 15 كىشى بىلەن ھىندىستان تەرەپكە چىقىپ كەتتى. سىجاڭ چەتئەلگە كېتىشتىن ئىلگىرى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۆز ئورنىغا ئابدىنىياز تۆەنجاڭنى تەيىنلەپ قويىدى.

سىجاڭ بىلەن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەر تۆۋەندىكىچە:

1. موسولباي (سىجاڭنىڭ ئاكىسى)

2. ئابدۇللا بەگ داموللا (ئابدۇللا نەئىمى) — تۇرپان گوڭشىڭلىق، باش كاتىپ.

3. مايىت ئاخۇن — توقسۇن ناھىيىسىدىن.

4. ئابدىراخان — 〃 〃 〃.

5. قادىر ئاخۇن — تۇرپان يەمشىدىن.

6. توختاجى — قەشقەردىن، يول باشلىغۇچى.

7. سايىت ليەنجاڭ ئاتۇشتىن.

8. مۇتىيۇللا پەيجاڭ — تۇرپان چىگىۋلاقتىن.

9. تايىپ يىنجاڭ — پىچان دېغار يېزىسىدىن.

10. باۋدۇن ھاجى — كورلىدىن.

11. ياسىن قارى — قەشقەردىن.

12. مۇھەممەت خەلپەت — سىجاڭنىڭ كاتىپى. تۇرپاندىن.

13. بارى ئەزىزى — دوختۇر، تۇرپاندىن.

14. سېتنىياز ليەنجاڭ — پىچان ناھىيە تۇيۇق سۇبېشى مەھەللىسىدىن.

يۇقىرقىلار ئىچىدە ئابدۇللا بەگ نەئىمى ھەمخۇت مۇھىتىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ، قەشقەردە تۇرۇپ 1938 —

رىلىپ، ھىندىستاننىڭ كالكوتتا شەھىرىدە تۇرۇپ، پاكىستان-
لىق بىر قىز بىلەن توي قىلغان. لىيەنجاڭ 2 بالىلىق بول-
غاندىن كېيىن ئانا تۇپراقنى سېغىنىپ 1951 - يىلى ۋەتەنگە
قايتىپ كەلگەن.

▲ . ماتېرىيالدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان سوپى لىيەنجاڭنى
ماشىمىلىق دەيدۇ. لۇكچۇندىكى سەندارىن دېگەننى ماداخەنزي
دەيدۇ. سۆزلەپ بەرگۈچى بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەسلى ئىسىملىرى
توغرىسىدا خەۋىرى يوق ئىكەن. بىلىدىغانلارنىڭ كىتابىمىزنىڭ
كېيىنكى قىسىملىرىدا تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاشنالىق يولىدىن ئازغان ئەمەس.
يۈرتتا تۇغقانلار ئارا خۇرسەندە سەن،
بىز غېرىپلىق شەھرىدە ھەيران ئەمەس.
ئۆزگە تۇشلۇق ئاشنالىمىز بىلەن.
بىر زامان يالغۇز - يېرىم قالغان ئەمەس.

ئىزاھات:

1. بۇ ماتېرىيال يېتىمياز ليەنجاڭ بىلەن 1986 - يىلى 8 - ئايدا بىر قېتىم كۆرۈشۈپ سۆزلەپ بەرگىنى بويىچە يېزىۋالغان خاتىرىگە ئاساسەن رەتلەپ تەييارلاندى. بۇ چاغدا يولداش ھەمدۇللا زارۋات (لەمجىن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) بار ئىدى. گەرچە سېتىمياز ليەنجاڭ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئىمكان قەدەر قالدۇرۇلماي يېزىۋېلىندى.

2 - يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ئېنىق. بەزى يەرلىرىنى تازا توللۇق بولۇپ كەتتى دىيالمايمەن. چۈنكى بولغان ۋاقەلەرنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بۇ جەڭلەرگە ناھىيىمىزدىن سېتىمياز ليەنجاڭدىن باشقا قاتناشقان پالۋانلار قالمىغان. ئاڭلىشىمىزچە بۇ ئۇرۇشلارغا بىۋاسىتە قاتناشقانلاردىن كورلا شەھرىدە بىر نەپەر، تۇرپاننىڭ مۇرتۇق كەنتىدە بىر كىشى بار ئىكەن. بۇلارمۇ ياشىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

3. سۆزلەپ بەرگۈچى سېتىمياز ليەنجاڭ ۋەتەندىن ئاي-

## تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 71 | 8 | قۇيۇلمايتى | قۇيۇلمايتتى |
| 71 | 25 | «شۆتالڭ»...د | «شۆتالڭ»...دا |
| 72 | 1 | وقۇغان | ئوقۇغان |
| 78 | 4 | تۇمۇر | تۇتۇر |
| 78 | 11 | رەشىسى | رەشىدى |
| 79 | 19 | رەختىكى | رەخكە |
| 81 | 18 | تۇندۇمۇ | تۇندە |
| 81 | 18 | ھېش | مۇدھىش |
| 82 | 15 | رازىيوقلار | رازىيۇپلار |
| 83 | 10 | ئاشۇ | ئاشمۇ |
| 84 | 5 | ئۇيقۇتۇش | ئۇيغۇتۇش |
| 85 | 1 | ھۇشۇر، يۇسۇپ | يۇسۇپ ھۇشۇر |
| 86 | 15 | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە |
| 88 | 1 | چىلك | چ. ولك |
| 89 | 23 | شەيسلەر | شەيئىلەر |
| 90 | 3 | مۇتەسسىپ | مۇتەئەسسىپ |
| 91 | 3 | ھەقتى | ھەققى |
| 100 | 2 | 300 | 300 |

# تۈزىتىش

| بەت | يۇقۇردىن تۆۋەنگە قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 21 | 12 | شاتلق | شاتلىق |
| 24 | 2 | يالغۇزنىشلىق | يالغۇزلىقشلىق |
| 24 | 22 | تۇتۇپ | كۆتۈپ |
| 26 | 14 | نۆكەنتسى | تۆكەتتى |
| 27 | 20 | قوغداش | قوغلاش |
| 28 | 1 | ھەبدەر | ھەيدەر |
| 28 | 5 | سېنى | سىنى |
| 28 | 7 | سۆزلىشمەن | سۆزلىشمەن |
| 31 | 12 | ئالان | ئالغان |
| 34 | 9 | غىراجەت | خىراجەت |
| 35 | 10 | بۇسىنىپقا | بۇ سىنىپقا |
| 39 | 16 | قسسە | قىسسە |
| 56 | 20 | ئا.ناسرى | ئا.نازىرى |
| 67 | 17 | دوخۇارغا | دوخۇغا |
| 68 | 12 | ئىشچى | ئىچى تىنچ |
| 69 | 9 | ئوقۇغۇچىلارمۇ × دەرس | ئوقۇغۇچىلارمۇ دەرس |
| 70 | 6 | يادلايتتى | يادلايتتى |
| 70 | 7 | ئۇچرايتتى | ئۇچرايتتى |

# تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 4 | 21 | ماۋزىسىنىڭ | ھاۋزىسىنىڭ |
| 4 | 24 | سۇمەتتارى | سۇمەقتارى |
| 5 | 7 | مۇل | ھۆل |
| 10 | 9 | مەدەنىيىنىڭ | مەدەنىيىتىنىڭ |
| 12 | 5 | قۇتتلۇقلاش | قۇتلۇقلاش |
| 12 | 12 | شكە | كىلىشكە |
| 16 | 24 | مۇدرىسلەرنىڭ | مۇددەرىسلەرنىڭ |
| 17 | 11 | ھكىمبەگ | ھاكىم بەگ |
| 17 | 13 | ايماق | ئايماق |
| 18 | 3 | ھكىمبەگ | ھاكىم بەگ |
| 18 | 6 | ھكىبەگ | ھاكىم بەگ |
| 19 | 5 | ۋاقىتلىق | ۋاستىلىق |
| 21 | 2 | ئابدىرىشىتغان | ئابدىرىشىتخان |

# تۈزىتىش

| بەت | يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قۇر | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|
| 100 | 15 | بېتىملىق | بېتىمسىنىڭ |
| 108 | 24 | جەك | جەڭ |
| 120 | 1 | بېروتىمدىن | بېرروتىمدىن |
| 120 | 1 | ئۆزۆتقىچە | ۋۆزۆتقىچە |
| 124 | 3 | بېيپ پولات | تېيىپ پولات |
| 126 | 8 | (خەيزۇ) | (خۇيزۇ) |
| 126 | 20 | ئۆلسە | ئۆلسەك |
| 128 | 5 | ھەجۇم | ھۇجۇم |
| 131 | 9 | مۇھۇسىرىگە | مۇھاسىرىگە |
| 135 | 23 | قۇتقۇز | توققۇز |
| 152 | 1 | ئ قساق | ئاقساق |
| 152 | 20 | يارلىقىمدىن | بارلىقىمدىن |
| 152 | 21 | ھەقتىدە | ھەققىدە |
| 153 | 1 | مەسىھەتنى | مەسلىھەتنى |

پىچان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي
ماتېرىياللىرى كومىتېتى


89°30'
90°
90°30'
91°
91°30'
92°
44°
43°30'
43°
42°30'
42°
41°30'
1040
1581
1378

پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى (1)

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
سانى 1 — 2000

2